# شنجاڭ
# ئەدەبيات-سەنئيتى

www.azizisa.org

5 — 4

www.azizisa.org

شينجاڭ خەليق نەشرياتى
1951 ئۈرومچى



## مۇندەرىجە

بەت


ۋ. كوۋسىمىكىن. سوۋېت ئەدەبىياتى تىنىچلىق ئۈچۈن (ماقالە) ........ 1
ت. ئالماس. ستالىنغا بېغىشلاپ (شېئىر) ........ 5
مافىيك. چاقماق چېقىپ يامغۇر ياققان بىر كېچىدە (ھېكايە) ........ 7
رىدا كسىيە. تىنىچلىق كۈرەشچىسى پابلو نېرودا ........ 14
پابلو نېرودا. ئورمانچى ئويغۇنۇڭ! (پوئېما) ........ 15
ئابلىز نازىرى. خۇاڭخې دولقۇنى (شېئىر) ........ 18
غەنىزات غەيۇرانى. شائىر (شېئىر) ........ 19
كوللېكتىۋ. ئاق چاچلىق قىز (شۇ ناملىق ئوپېرانىڭ داۋامى) ........ 20
خ. ھوسەينى. شىنجاڭ ئويغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى دولقۇنى ........ 32
زىيا سەمىدى. غەربى شىمال مەدەنىيەت-مائارىپ كونفېرېنسىيەسىدە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى ........ 48
ۋىرىنچى نوۋەتلىك شىنجاڭ ئەدەبىيات — سەنئەت ئەسەرلەرىنىڭ خۇلاسىسى ........ 60



www.azizisa.org

www.azizisa.org

شينجاڭ ئۆلكىلىك ئەدىبىي سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش هەيئىتى ۋە ئۆلكىلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ ئايلىق نەشىر ئەپكارى.

# شنجاڭ ئەدەبيات سەنئىتى

№ 5 - 4 نويابر - ديكابر 1951

ياكوۋ سيميكين

## سوۋېت ئەدەبىياتى تىنىچلىق ئۈچۈن كۆرەشمەكتە

پۈتۈن دۇنيا خەلىقلىرى، سوۋېت ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان ئا. م. گوركىينىڭ كلاسسىك داستانى — دانكو ناملىق يىگىتنىڭ يۈرىكى توغرىسىدىكى قىسسىنى ياخشى بىلىدۇ.

... ئادەملەر قويۇق ئورمان ئىچىدە ئادىشىپ قالدى. ئۇلارنى ياۋايى هايۋانلار قوغلاپ كەلىۋاتقان ئەدى. چېلەكتىن قۇيغاندەك قىلىپ يامغۇر ياغماقتا. گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىمەكتە، ميگلاپ كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىغىنى ۋە مۇقەررەر هالاك بولۇشىنى كۆرگەن دانكو ئۇلارنى قانداق قىلىپ بولسىمۇ ئورماندىن ئېلىپ چىقىشقا قارار قىلدى. ئادەملەرنى ئالدىدا ئازاپ — ئوقۇبەت كۈتمەكتە ئەدى. ئۇلار ۋەهىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار بىر قويۇق ئورمان ئىچىدىن چىقىۋېلىشنىڭ ئىلاجىنى تاپالمايتتى.

دانكو گۈلدۈرلىگەن گۈلدۈرماما ئاۋازىنى بەسىپ كەتكىدىغان قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— ئادەملەر ئۈچۈن www.azizisa.org دە، ئۆزىنىڭ كوكرىكىدىن يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، يوقۇرىغا كۆتەردى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى مەشئەلدەك ئادەملەرنىڭ يولىنى يورۇتتى. ئادەملەرمۇ دانكونىڭ يېنىۋاتقان يۈرىگىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ كەتتى. دانكو ئۇلارنى قۇياش پارلىداۋاتقان تىنىچ ۋادىغا ئېلىپ چىقتى. بۇ يەردە ئادەملەرنى بەخىت — سائادەت كۈتۈۋاتقان ئەدى.

سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىكى بولغان ئا. م. گوركى پۈتۈن دۇنيا يەڭگى ئەدەبىياتىنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بەردى. سوتسىيالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئادەملەر بەخىت — سائادىتى ئۈچۈن كۆرۈشۈشى ئەنە شۇ يوسۇندا باشلىنىپ كەتتى.

تىنىچلىق يولىدىكى ئىجادى مېهنەتسىز ئادەم بەخىتلىك بولۇشى مۇمكۈن ئەمەس. «كىمىكى مېهنەت قىلسا، شۇ كىشى خوجايىندۇر» — دېدى گوركىينىڭ «مىششانلار» دىگەن پيەسسىنىڭ قەهرىمانى پاراۋۇز ماشىنىستى نىل.

سوۋېت ئەدەبىياتى www.azizisa.org كۆڭۈلەردىلا ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئىجادى مېهنەت ئىدىيەلىرى بىلەن سۇغۇرۇلدى.

كەلگۈسىدە بىزنىڭ هازىرقى دەۋرىمىزنىڭ تارىخىنى يازىدىغان ئادەم نۇرغۇن هۆججەتلەر، شۇ جۈملىدىن سوتسىيالىستىك رىيالىزم ئەدەبىياتى ئاساسىدا بىر نەرسىنى، يەنى سوۋېت كىشىسى بىر مىنۇت تىنىچلىقنى قولغا كىرگۈزۈشى بىلەنلا غەيرەتكە — غەيرەت قوشۇپ مېهنەت قىلىشقا باشلىغىنىنى تولۇق تەسۋىر قىلىدۇ.

ئىككىنچى جاهان ئۇرۇشىنىڭ گۈلدۈرلىگەن گۈلدۈرماميسى ئۆتۈپ كەتتى. سوۋېت خەلقى بولسا ۋاقىتنى ئەسلا قولدىن كەتكۈزمەي، چوڭ غەيرەت، زوق بىلەن قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا، ئۇرۇش نەتىجىسىدە ۋەيران بولغان ئەگىلىگىنى تىكلەشكە كىرىشتى.

سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ ئەجايىپ ئەسەرلىرىدە ئىشەنىچ بىلەن كوممۇنىزمغا قاراپ بېرىۋاتقان سوتسىيالىزم مەملىكىتىنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنمەكتە. كىشان

www.azizisa.org

ئىشچىلىرى ۋە كولخوزچىلار، ئىنژىنېرلار ۋە بەلىيەتچىلار، ئالىملار ۋە پەلات ئەرىيەتۇچىلارنىڭ تىنىچلىق يولىدا قىلىۋاتقان ئىجادى مېھنەتلىرى، سوۋېت ۋاقىئەلىگىنى راسچىللىق بىلەن تەسۋىرلىگۈچى سوۋېت ئەدىبىياتىنىڭ مەركىزى ماۋزۇئى بولۇپ قالدى.

مېھنەت تىنىچلىق ئۈچۈن جەڭدۇر! — دەيدۇ سوۋېت كىشىلىرى، گىئورگى گولىيانىڭ «ساكىندىكى باھار» ناملىق ئەسىرىنىڭ قەھرىمانى، فىرونتچى كولخوز بىرىگادىرى باھار ئىشلىرى ئالدىدىن كولخوزچىلارغا تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن مۇراجىئەت قىلىدۇ:

«يولداشلار بىز دالا ئىشلىرىغا چىقىۋاتىمىز، بۇ چوڭ ھادىسىدۇر. نېمىشكە چوڭ ھادىسە؟ بىز كېچىمۇ ئادەملەر يەر ھايدىمىغانمىدى؟ ئەكىن ئەكمىگەنمىدى؟ يەرمۇ ھايدىغان، ئەكىنمۇ ئەككەن. ئەمما بىز بولساق ئەجايىپ ھوسۇل ئۈچۈن كورۇشىمىز. بىز يەڭگى بىر ئىش كورسۇتۇش ئۈچۈن ئەتىزغا چىقىۋاتىمىز. ئەگەردە «بىزگىچە» يۈز يىل، مىڭ يىل بۇنىڭدىن ئاۋۋالمۇ ئادەملەر ئەتىز چېپىپ دېھقانچىلىق قىلغان. يەر ھايدىغان، ئەكىن ئەككەن؛ بىراق ھېچ قانداق ھادىسە بولمىغان. ھازىر بولسا، ئەتىزغا، ئىشقا چىقىش ئادەملەرنىڭ روھىنى كوتۈرىدىغان ئەنتەنىلىك ھادىسە بولۇپ قالدى.

يەزىنىڭ ئەلەكتىرلەشتۈرۈلۈشى؛ شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ بارغانسېرى يوقۇلۇشى؛ يەڭگى يېزا زىيالىيلىرىنىڭ ئوسۇشى، ئاددى كولخوزچىلارنىڭ زىيالى بولۇپ يېتىشىشى؛ تەبىئەتنى ئوزگەرتىش ئۈستىدىن ستالىنچە ئۇلۇغ پىلاننىڭ بارغانسېرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى؛ — س. بابايېۋسكى ئوزىنىڭ «ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالىيرى» ۋە «يەر ئۈستىدىكى يورۇغلۇق» دېگەن رومانلىرىدا ئەنە شۇ يۇقىرىدا كورسۈتۈپ ئوتۇلگەن مەسىلەلەرنى ئاساسى ماۋزۇ قىلىپ ئالىدۇ. بۇ ماۋزۇلار شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، بىزگە يەقىندۇركى، ئۇلار ئەنە شۇ ماۋزۇلاردا سوتسىيالىزم مەملىكىتىنى ئورۇشتىن كېيىن قانداق پىكىر ۋە ئىشلەر ھاياجانلاندۇرغىنىنى روشەن كورسۇتۇپ بېرىدۇ. بابايېۋسكىنىڭ رومانلىرى سوتسىيالىستىك ئەگىنىڭ ئومۇمى خەلىققە سىڭىپ كەتكىنىنى، ئاددى كىشىلەرنىڭ ئىجادى تەشەببۇسىنى، ئۇلارنىڭ ئىجادى مېھنەت ئاساسىدا بارغانسېرى ئوسۇۋاتقانلىقىنى دەۋلەت نۇقتەئى نەزەرىدىن قاراپ پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقانلىقلىرىنى كورسۈتۈپ بەرمەكتە. سوۋېت كىشىلىرى ئورۇش ۋاقتىدا پۈتۈن ئوي-پىكىرلىرىنى يولداش ستالىن نامى بىلەن باغلىغان بولسا - تىنىچ قۇرۇلۇش دەۋرىدىمۇ ھەممە ھەۋەسلىرىنى، ھەممە ياخشى ئىشلىرىنى ئۇلۇغ داھىينىڭ نامى بىلەن باغلىماقتا. س. بابايېۋسكىنىڭ «يەر ئۈستىدە يورۇغلۇق» دېگەن رومانىدا «دېھقان دوستلۇغى» كولخوزىنىڭ رەئىسى كونىستانتىن پانكراتوۋ دەرەخ تىكىدىغان كولخوزچىلار بىرىگادىسىغا كېلىپ، كولخوزچىلارغا تۆۋەندىكىلەرنى سوزلەپ بېرىدۇ.

— «كرىملدا مەخسۇس بىر خەرىتە بار ئىكەن، — دېدى. ئۇ، يىغىلىپ ئولتۇرغان كولخوزچىلارنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ www.azizisa.org كىۋاتقان دەرەخزارلىرىمىزمۇ كورسىتىلگەن ئىكەن. بۇ خەرىتە يولداش ستالىننىڭ ستولىغا يېيىپ قويۇلغان ئىكەن».

سوۋېت خەلقى ھېچ قاچان ئوزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ۋە ئۇلۇغلىغىنى ھازىرقىدەك شۇنچىلىك چوڭقۇر ھېس قىلغان ئەمەس، ئۇلۇغ يولباشچىمىزنىڭ داھىيانە كورسەتمىلىرى ۋە رەھبەرلىكىدە بىزنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشىمىز يەڭگىۋاشتىن قۇرۇلماقتا. تەبىئەت ئوزگەرتىلمەكتە. كوممۇنىزم يورۇتۇلماقتا.

پ. پاۋلېنكو ئىجات قىلغان «بەخىت» دېگەن رومانىنىڭ قەھرىمانى پولكوۋنىك ۋورواپايېۋ قىرىمدا يولداش ستالىن بىلەن ئۇچرۇشۇشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. بۇ ۋاقىئە روماندا تۆۋەندىكىچە تەسۋىر قىلىنىدۇ:

«ۋورواپايېۋ ستالىننى ئاخىرقى مەرتىۋە 1941 - يىل 7 - نويابىر پارادىدا كورگەن ئەدى. شۇندىن بۇيان ستالىن ئۇنۇڭغا ئەسلا قەرىمىغاندەك، ئەمما باشقا تەرەپتىن كوپ ئوزگەرگەندەك كورۇندى. ئۇنىڭ تونۇش چىرايى خۇددى ئاۋۋالقىدەك بولسىمۇ، لېكىن يەڭگى ئالامەتلەر، تەنتەنە بەلگۈلىرى پەيدا بولغاندەك كورۇندى. بۇنى بايقاپ ۋورواپايېۋ كوپ خوشال بولدى.

ستالىننىڭ چىرايى ئوزگەرمەسلىگى ۋە سەل باشقىچەرەك كورۇنمەسلىگى مۇمكىن ئەمەس ئەدى. چۈنكى خەلىق ئۇنىڭ يۈزىگە خۇددى ئەينەككە قارىغاندەك قاراتتى ۋە ئۇنىڭدا ئوز ئەكسىنى كورەتتى؛ خەلىق بولسا يەنە كوپرەك ئۇلۇغلۇق تەرىپىگە قاراپ ئوزگەرگەن ئەدى».

www.azizisa.org

پ. پاۋلېنكونىڭ رومانىغا دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل چۈشەنچە «بەخىيت» دەپ نام قويۇلغان. قەدىمكى زامانلاردا ئادەملەر بەخىيت ئىزدىسىمۇ، ئەمما ئۇنى تاپالمىغان ۋە ئەنە شۇ بەخىيت ئۈچۈن كۈرۈشۈپ كەلگەن. پاۋلېنكونىڭ رومانى بولسا ئادەملەرنىڭ بەخىيت ئىزدىشىنىلا ئەمەس، بەلكى ئەنە شۇ بەخىيتنى تاپقانلىقلىرىنى، ئادەملەرنىڭ قانداق بەخىيتلىك بولغانلىقلىرىنى ھىكايە قىلىپ بېرىدۇ.

ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ ئىنۋالىدى، مەدىيپ پولكوۋنىك ۋوروپايېۋ قوياشلىق قىرىم قىرغاقلىرىدا، ئەتراپى دەرەخلەر بىلەن ئورالغان يالغۇز، تىنىچ بىر ئۆيدە بەخىيت تاپىمەن دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما تۇرمۇش ئۇنىڭغا باشقىچە بەخىيت يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ بەخىيت يولى پۈتۈن خەلقنىڭ بەخىيت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرۈشۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ۋوروپايېۋ كولخوز ھاياتىدا ئاكتىپ قاتناشتى، چوڭ كولىكتىۋ گەۋدە بەرلىك قىلدى. ئۆزىنىڭ شەخسى ئىشلىرى بىلەن مىڭلاپ ئادەملەرنىڭ روھىنى كۆتەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ فرونتچى كوممۇنىست مېھنەت قىلىپ ئۆزىنىڭمۇ بەختىنى تاپتى. سوۋېت كىشىسىنىڭ خوش - چاقچاق ھاياتىنى چۈشەندى؛ پۈتۈن دۇنيادا تىنىچلىق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەخسەن جاۋابكار ئىكەنلىكىنى ھەس قىلدى.

گ. نىكولايېۋانىڭ «ئوما - ژىغىم» دېگەن رومانىدا شۇنداق قىزىق بىر ۋاقىئە تەسۋىر قىلىنىدۇ: رايون پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ئاندرى پېتروۋىچ كولخوز رەئىسى ۋاسىلىنى يامان ئىشلىگىنى ئۈچۈن قاتتىق تەنقىت قىلىدۇ. ۋاسىلى خاپا بولىدۇ.

«ئاخىر مەن قالاق كولخوزنى يولغا سالدىم ۋە تىم. رايكوم سېكرېتارى ياخشىراق مۇئامىلە قىلسىمۇ بولاتتى» دەپ يامانلاپ قالىدۇ. بىر كۈنى ۋاسىلى خەلىق ئارا ئەھۋال توغرىسىدا لېكسىيە ئاڭلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاسىلىنىڭ رايكوم سېكرېتارىغا يامانلاپ يۈرۈشى يوقۇلىدۇ. بۇ توغرىدا روماندا تۆۋەندىكىچە تەسۋىر قىلىنىدۇ:

«لېكتور، چەت ئەللەردە، يەنى كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردە رېئاكسىيە كۈچلىرى بارغانسېرى باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقلىرىنى ئۇلار كۈندىن - كۈنگە ئۆزلىرىنىڭ ئىبلاس شىلىرىنى كۈچەيتىۋاتقانلىقلىرىنى، يېڭى ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. قىسقىسى، پۈتۈن لېكسىيە رايكوم سېكرېتارى ئاندرى پېتروۋىچنىڭ: «سۈرئەتلەرنى سۇسلاشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس!» دېگەن سۆزلىرىنى تەستىقلاپ بېرىدۇ.

يولداشلار، پۈتۈن دۇنيادا تىنىچلىقنىڭ گۈرۈۋىسىلەر بىلەن بىزنىڭ كۈچىمىز دەيدۇ. بۇ كۈچنى بولسا بىز ئۆز قولىمىز بىلەن دالالىرىمىزدا ۋە زاۋودلىرىمىزدا ئۆستۈرۋاتىمىز! - دەيدۇ لېكتور.

بۇ سۆزلەر ۋاسىلىگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ، رايكوم سېكرېتارىنىڭ نېمىشكە ئۇنى قاتتىق تەنقىت قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ سەۋىيىسىنى ياخشى چۈشۈنۈۋالدى، ئەتىسىگە ۋاسىلى ئۆزى قولىغا «پراۋدا» گېزىتىنى ئېلىپ، كولخوزچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنداق دەپ سۆز باشلىدى.

بىز ئۆزىمىزنى گويا ناھايىتى زورغۇن ئىش قىلدۇق دەپ ئويلايمىز، ۋاھالەنكى ئەتراپىمىزغا بىر كۆز سالساق، ئادەملەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالساق كۆرىمىز، تېخى ناھايىتى ئاز ئىش قىلغان ئىكەنمىز... مانا گېزىتنى ئوقۇپ كۆرۈڭلار. «پراۋدا» نىڭ ئەنە شۇ بىر سانىدىكى خەۋەرلەرگە قۇلاق سېلىڭلار: «ئامېرىكا قوشماشتاتلىرىنىڭ سېناتىدا گرېتسىيە ۋە تۈركىياغا ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى مۇزاكىرىلەر» مەسىلە نېمىدە ئۆزى؟ ئامېرىكىدىكى ئۇرۇش ئوتىنى ياققۇچىلار ئەنە شۇ «ياردەم» نىقابى ئاستىدا ئادەملەرنى بوغۇزىغا چىقىۋالماقچى. مانا يەنە بىر خەۋەر: «گرېتسىيە قوشۇنلىرىنىڭ گرېك پارتىزانلىرىغا ھۇجۇمى» مانا مەسىلە قەيەردە: كاپىتالىستلارنىڭ «ئىش» لىرىنى بىر تاماشا قىلىڭلار. بۇنىڭدىن ئوق - دورا پۇرىقى كېلىۋاتىدىغۇ. بىز بۇنىڭغا ئېتىبار قىلماسلىقىمىز مۇمكىنمۇ؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس. تىنىچىپ قېلىپ، سۈرئەتلىرىمىزنى سۇسلاشتۇرۇشىمىز ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

لېنىن - ستالىن پارتىيەسى سوۋېت كىشىلىرىنى ھەقىقەتەن سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىدا تەربىيە قىلىپ كەلمەكتە. كازاكېۋىچ ئىجات قىلغان «ئودېردا باھار» دېگەن رومانىنىڭ قەھرىمانى سېرژانت سىلىۋېنكو ئۇرۇش ۋاقتىدا ئائىلىسىدىن، ھويلا جايىدىن مەھرۇم بولىدۇ. فاشىستلار ئۇنىڭ بىردىن بىر قىزىنى گېرمانىياغا قۇل قىلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. سېرژانت سىلىۋېنكو فاشىستلار گېرمانىياسىگە بىرىنچى مەرتىۋە باستۇرۇپ كىرگىنىدە قەھرى - غەزەپ نەپرەت يالقۇنىغا تولۇپ تاشقان بولىدۇ. بىراق بىر نەمىس يەزىسىدا مېھنەتكەش نېمىس دېھقانلىرىنى، ئۆي-

www.azizisa.org

لارنىڭ سوگەللىك قوللىرىنى كۆرۈشى بىلەنلا، ئۇنۇڭ كۆڭلىدە باشقا ھەسلەر ئويغۇنۇپ قالىدۇ. سەرۋانت سالىيېۋىنكو: «سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ ۋەكىلى بولغان مەن بۇ نادان، جاھىل ئادەملەرنى ھەقىقىي تۇرمۇش يولىغا ئېلىپ چىقىشىم، ئۇلارنىڭ ئەگىنى ئويغۇتۇشۇم كېرەك» دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ.

سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ ئودېر دەرياسى قىرغاقلىرىدا ئۆتكەزگەن باھارى كازاكېۋىچنىڭ رومانىدا كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردىكى ئاددى كىشىلەرنى يېڭى تۇرمۇشقا ئويغۇتۇش باھارىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىكلىرىدىن بىرى — ئا. فادېيېۋ 1943 يىلى 25- ئاۋغۇستتا ۋراتسلاۋل شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ كونگرېسىدا:

«ئىنسانلارنىڭ تەغدىرى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە باغلىقدۇر» دېگەن ئىدى. سوۋېت ئەدەبىياتى كىتاپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ ئىككى خىل دۇنيا، ئىككى خىل سىستېما، ئىككى خىل مەپكۇرىنىڭ توقۇنۇشىدىن ئۇزاق ۋاقىتقىچە مۇستەھكەم تىنچلىق ئورنىتىش ئۈچۈن كۈرەشتىن ئىبارەت بولغىنىنى ئوچۇق قىلىپ، چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەليا ئېرېنبۇرگنىڭ «بوران» دېگەن ئەڭ ياخشى رومانىغا سوۋېت خەلقىنىڭ ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى ۋاقتىدا ئورۇنلىغان ئازاتلىق ۋەزىپىسى ئاساس قىلىپ ئېلىنغان.

«بوران» رومانىنىڭ ئاساسى ماۋزۇسى — چوڭ تارىخى ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. پۈتۈن دۇنيادا بوران كۆتۈرۈلۈدۇ، ئەنە شۇ بوران ھېچكىمنى تىنچ قالدۇرماي، ھەممىنى ئۆز قاينىمىغا تارتىدۇ.

ئېرېنبۇرگ ئۆزىنىڭ رومانىدا ئىككى دۇنيانىڭ، ئىككى خىل دۇنيا قارىشىنىڭ كۆرۈشىنى، دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۈرەشكۈچىلەرنىڭ رېياكسىيە ۋە جەبىر - زۇلۇم تەرەپدارلىرى بىلەن توقۇنۇشىنى تەسۋىرلەيدۇ.

«بوران» رومانىدا، ئۇرۇش ۋاقتىدا (خۇسۇسەن ئۇرۇشتىن كېيىن) ئىككى يۈز لىمىچىلىك سىياسىتىنى ئېلىپ بېرىپ، دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەشكە يول قويمايدىغان، فاشىزمنىڭ ئۇزۇل - كېسىل يېڭىلىشىنى خالىمايدىغان بورژۇئاز ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەقىقىي يۈزى پاش قىلىنىپ، ئەجىپ تاشلىنىدۇ.

ئاكا - ئۇكا تورلار ۋەل. شەيىنىنىڭ «ۋىلايەت گوبېرناتورى» دېگەن پيەسسىدە گېرمانىيانى دېموكراتلاشتۇرۇش ساھەسىدە قىلىنغان دەسلەپكى چارىلار كۆرسىتىلىدۇ. سوۋېت ئارمىيەسى تەرىپىدىن يېڭىدىنلا ئىشغال قىلىنغان نەيس شەھىرىگە كومېندانت قىلىپ بەلگۈلەنگەن سوۋېت ئوفىتسېرى كوزمىن بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا ئاھالى ئوتتۇرىسىدا تىنچ تۇرمۇش تەشكىل قىلىشقا كىرىشىدۇ.

ئامېرىكا قوشۇنلىرى ئىشغال قىلغان خوشنا شەھەرگە خۇددى شۇنداق كومېندانت — «ۋىلايەت گوبېرناتورى» قىلىپ ئامېرىكىلىق ئوفىتسېر جېمىس گېلىل بەلگۈلىنىدۇ. جېمىس گېلىل چىن كۆڭلىدىن سوۋېت ئارمىيەسىنى ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇ، پولكوۋنىك كوزمىن بىلەن سەمىمى دوستلۇق ئالاقىسىنى ئورنۇتۇشنى خالايدۇ، ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ ئىمپېرىيالىستىك سىياسىتىدىن ئانچىلا خەۋەردار بولمىغان جېمىس گېلىل ئاخىرى، ئامېرىكا قوشماشتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت زونىسىغا جاسۇسلار، بۇزغۇنچىلار ئەۋەتكىنىنى بايقاپ قالىدۇ. جېمىس گېلىل بۇنىڭغا قارشى چارىلار كۆرمەكچى بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ نەتىجىسى شۇنىڭ بىلەن تامام بولىدىكى، ئامېرىكا قوشماشتاتلىرى ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىشتىن ئېلىپ تاشلايدۇ ۋە ھەربى خىزمەتتىن بوشىتىدۇ...

يازغۇچى ك. سىمونوۋ ئۆزىنىڭ «جەڭ قىلغۇچى جۇڭگو» سەرلەۋھىسى بىلەن بېسىلىپ چىققان ئوچېركلىرىدا يېڭى جۇڭگونىڭ قانداق قىلىپ يارىتىلغىنىنى ۋە قۇرۇلغىنىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ك. سىمونوۋ ئۆزىنىڭ بۇ ئوچېركلىرىدا جۇڭگو خەلقى ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرىشىدە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرىنى بايان قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمايدۇ. سوۋېت يازغۇچىسى، سوۋېت ھەربى مۇخبىرى ئۇرۇشتىن كېيىنكى تىنچ جۇڭگو قىياپىتىنىمۇ كۆرەلىگەن ۋە جۇڭگودا، ئازات قىلىنغان رايونلاردا كېلىپ چىققان ھەر بىر يېڭى ئۆزگىرىشكە چىن كۆڭلىدىن خوشال بولۇپ قارايدۇ. ك. سىمونوۋنىڭ ئوچېركلىرىدا بىز تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇيمىز:

«ئارمىيە ئۇنىڭ كۆرپەزگە يېقىنلىشىپ كەلمەكتە. ئۇيەردە تاغلاردىكى يالغۇز ئاياق يوللاردىن زەمبىرەكلەرنى قولدا كۆتۈرۈپ بارماقتا. ئازات قىلىنغانلىقتىن مانا شۇ ئاخىرقى ۋىلايىتىنىڭ يېرىدە ھا-

www.azizisa.org

زىرەمۇ جەڭچىلەر ھالاك بولماقتا. بۇ جەڭچىلەر، بۇ-
ئۆگەدىن ئەۋۋەل ئويناپ، يۈزلەپ باشقا شەھەر ۋىلا-
يەتلەرنى ئازات قىلغان ئىدى...... بۇ يەردە، تونۈگۈن
كورپەزىنىڭ قىرغىقىدا جوڭگونىڭ يەنە بىر ۋىلايىتى
ئازات قىلىنماقتا، ئادەملەر نەپەسىنى راسلىماقتا، ئوي-
لەر، يوللار، دەريالار ئازات قىلىنماقتا، جوڭگونىڭ
يەنە بىر ۋىلايىتىدە ئادەملەر كەلگۈسى توغرىسىدا
خىيال قىلماقتا؛ خىيال قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئەنە
شۇ پارلاق كەلگۈسىنى سەزمەكتە. بۇ نەرسە چوڭ يول-
نىڭ بويىدىكى يېزىلاردىمۇ تونۇگۈنلا قاپىغى سە-
لىنغان، كوڭۈلسىز، بۈگۈن خوشال - خورام شەھەرلەر-
دىمۇ، روشەن سەزىلمەكتە ...

بىز خىيەندىن شەھەرىگە كىرىپ كەلدۇق.
بۇ شەھەرنى ھازىر تونۇپ بولمايدۇ.
قاتتىق يامغۇر يېغىشىغا قارىماي، شەھەر كوچىلىرى
ئادەمگە لىق تولۇپ كەتىپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولمى-
سىمۇ بولۇدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىن بىر ئاي ئەۋۋەل شە-
ھەردە بارى- يوقى توقسان مىڭ كىشى ياشاتتى، ھازىر بولسا
شەھەر ئاھالىسى 180 مىڭدىن ئەشىپ كەتىپتۇ.

ئەتراپىڭدا خوشاللىق، راھەتنى كورگىنىڭدە ئۆزەڭ
مۇ خوشال بولۇسەن!»

ھەقىقەتتە سوۋېت كىشىسى ھەممە خەلىقلەرنىڭ بەخىت
لىك خوشال-خورام ياشاشلىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزگە
نىدە، مۇچەكسىز خوشال بولۇدۇ!

پۈتۈن دۇنيادا تىنچلىقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن كۈرەشكۈچى قىلىپ ئۇلۇغ ستالىن تەرىپىدىن
تەربىيەلەنگەن سوۋېت يازغۇچىسى بۇ ئۇلۇغ ئوز كۆرۈش-
لەرنى كوروپ تەسۋىرلىگىنىدە چەكسىز خوشال بولۇدۇ.
تىنچلىقنىڭ ستالىنچە سولداتى بولۇشتىنمۇ پەخىرلىك
ئىش بارمۇ ئاخىر !

شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان
ئۇلۇغ گوركىينىڭ تۆۋەندىكى سوزلىرى بۈگۈن خۇسۇ-
سەن چوڭ كۈچ بىلەن جاراڭلىماقتا.

«ياشىسۇن داھىلىرىمىزنىڭ، پۈتۈن دۇنيادا ئەڭ
بىرىنچى ۋە مەرت داھىلىرىمىزنىڭ ئاددى، روشەن دا-
نالىغى! بۇ داھىلىرىمىز مانجۇلارنى، ھەبەشلەرنى،
خەنسۇلارنى، ھىندىيلارنى قول قىلىش ئۈچۈن ھەچقا-
چان ئوز خەلىقلىرىنى ئۇرۇشقا ئەۋەتمەيدۇ.

ياشىسۇن، باتۇر ژۈرەك ۋە ئەقىل - پاراسەت ئې-
گىسى ئىئوسىف ستالىن!».

(«شەرىق ھەقىقىتى» ژورنىلىنىڭ 8- سانىدىن).

# ستالىنغا بېغىشلاپ

ت : ئالماس

مۇبارەك 71 ياشقا تولغۇنۇڭ،
تارىخنىڭ بەختىلىك ئومۇر كورگۈنۈڭ،

چارىزىم قوش زىندان نامىنى ئېلىپ،
تۈرمىلەر كەپەنسىز گەۋدىگە تولۇپ،

ئالەمنى دەھشەتلىك كۈنلەر باسقاندا،
يوقسۇلنى كاپىتال دارغا ئاسقاندا،

تۇغۇلدۇڭ نۇر بولۇپ گورى شەھرىدىن،
تۇغۇلدى ھەم ئۈمىت ئەركىنىڭ مېھرىدىن،

ئەسىرگە كەلگەندە توغرى يول تېپىپ،
ئازاتلىق چىرىغىن سەن ئۆزەڭ يېقىپ،

لېنىنگە ئەگەشتىڭ قىلىپ قەسەم - يات،
دېمىدىڭ دەھشەتتىن بىر قېتىم ۋاي - دات.

زىندانلار، مۇزلۇقلار بىلەن سىرداشتىڭ،
ۋاقتىنچە شەپقەتلىك ئەلدىن خوشلاشتىڭ.

قايتمىدىڭ يولۇڭدىن ئالغا چامدىدىڭ،
ئوت - سۇلغا ئاغمىدىڭ زادى يانمىدىڭ.

سەن باشلاپ ژۈرگەنلەر ئاگاھ بولۇشتۇڭ،
ئالدىدا يەڭگىلدى خائىن مىنشىۋىك.

ئوكتيابىر تەڭگىنىڭ داڭلىق ئەلچىسى،
سەن ئىدىڭ لېنىننىڭ سادىق سەپدىشى.

ئاغدۇردۇڭ زۇلۇمنى قىلىپ ئىنقىلاپ،
يوقسۇلغا ئازاتلىق دىدىڭ ۋاقىراپ.

كۈللەتنىڭ ئىنسانىنىڭ جەننەت بېغىنى،
گۈل قىلىپ گىياسىز دەشتلەر تېغىنى.

www.azizisa.org

بەخيگەغا هو... قۇشلار كيريپ باقسيمۇ،
شۇم - بۇيا تۇرۇغين تەريپ باقسيمۇ.
ھەممىسىن ۋاقتيدا ژۇلۇپ تاشليديك،
ئەليگەنى بەختييار يولغا باشليديك.

★

ئوت يەنىپ فاشيزم ئوچۇغيدا دۇت
دۇنيانى باسماقچى بولۇپ قارا جۇت.
رەيخستاگ كوتەردى قان ئيچكۇچ بايرق،
شۇم گەتلير دوز كيبەن سوزليدى ۋالاق.
- دۇنيا قۇل بيز خوجا ئەرقيميز گەرمان،
- دەپ جولۇپ دۇنيانى قيلدى ئەۋ مالمان.
ئەجەلنيڭ قۇشليرى ئەۋچتى چەقيراپ،
ئاقتى قان دولقۇنلاپ، قاينَاپ شاقيراپ.
ياۋرۇپا قۇل بولدى، تۇتۇن ھەر ئادەم،
كيشيليك كوڭليني باستى غەم - ماتەم.
كاۋرە گەلەپ قان ئيچكەن جاللات بوريلەر،
باسميچى هايسيز ۋەھشى ئوغريلار،
شەرقتە يول سالدى قۇللۇق يوليدين،
مەس بولۇپ قان ئيچيپ گەتلير قوليدين.
دۇنياغا خەۋپ چۇشتى، چۇچيدى هايت،
ئويغاندى هەم هورلۇك ديگەن ئادەمزات.
سەن باشلاپ ژۇرگەن ئەدل ماگدى مەيدانغا،
ۋەتەن دەپ جەنيني ئەليپ ئالقانغا.
تۇرۇشلار تاريخى كورميگەن تۇرۇش...
ۋولگينيڭ يەنيدا قاتتيق توقۇنۇش...
خەتەرليك باستانەدا تەۋريمەي تۇردوڭ،
فاشيستلار يوليغا توزاقلار قۇردوڭ.
ماختانچاق تاكتيكيلار چۇشتى تورۇگغا،
ھەج زەربە بەرەلمەي سينيڭ روهيگغا.
پائوليست 1) تۇتۇلدى، گەتليرنيڭ بيلى -
- قاتلانلدى ئەگيليپ، گاچيلاپ تيلى.
قان كەچيپ پاليليريڭ غەرپكە تيز ژۇردى،
تۇتۇقنيڭ ئەگيني بەرليندا كوردى،
رەيخستاگ ئۇستيدە قيپ - قيزيل بايراق،
كيودى ئەۋ، گوريگە گەتلير ماختانچاق
ئەزات مەڭگۇلۇك - مەڭگۇلۇك كۇلدى،
دۇشمەنلەر قان ژۇتتى گويا كى ئەۋلدى.
شوھريتيڭ دۇنياغا يانا ياگريدى،
ئورالنيڭ بۇلبۇلى ئەريكتە سايريدى.
غەربتە هەم شەرقتە هەم خوشناڭ كوپەيدى،
كاپيتال غالجيسى شوڭا هەۋپەيدى.
شوڭلاشقا شەرقتە توكسەۋ ئەۋ قان،
بەريبير ئاق ئوردا تالاشماقتا جان.
ساقلايميز تينيچليق ياد ئەتيپ ناميڭ،
هەر دائيم ئۇستۇندۇر سەنيڭ ئيلهاميڭ.
ئەرومين گەتليرنيڭ ئەولۇم كۇلكيسى،
چەرچيلىلەردۇر لەنلونيڭ نيمجان تۇلكيسى.
ئاق ئوردا تەقديري رەيخستاگقا دوس،
قۇدرەتليك ئەي خوشنام ميهريبانيم روس.
بيزديمۇ تاڭ ئەتيپ كەتتى قارا تۇن،
تاگچيميز- باغريميز ئولۇغ ماۋ زەي دۇڭ.
ييتيميز، كورۇندى گۇلزار بەۋيليري،
سەن بيلەن ئەۋينايميز بەختيت تەويليري.
ميڭ ياشا ستالين قەۋياشلەك ياشا!
يوقسۇلغا جەننيتيڭ هەجەپ كەگتاشا.

---

1) - پائوليست - 1943 - ژيلى فەۋرالدا ستالين-
گراد بوسوغۇسيدا 300 ميڭ ئەسكەر
بيلەن ئەسير چۇشكەن گەتليرنيڭ
قوماندانى.

www.azizisa.org

مافيك

# چاقماق چىقىپ يامغۇر ياققان بىر كېچىدە

( ھېكايە )

— 1 —

تىپ - تىنچ ئىيۇن ئېيى، ھاۋا ناھايىتى تىنجىق ئىدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن خۇددى قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك ھاۋانى قاپقارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتتى. ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماقلار چاقتى. خۇددى قاتتىق يامغۇر ياغىدىغاندەكلا ئىدى.

ئاۋۇجا فۇدىكى خوتۇن - قىزلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئەمدىكىنە مەجلىسنى تۈگىتىپ، بىر توپ خوتۇن - قىزلار يەزا ئىدارىسىدىن چىقىشىپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىۋاتاتتى. تېيەن چياۋشىننىڭ ئۆيى يەزىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە بولۇپ، ئۇ، ئۆزى يالغۇز ئەنسىرەپ - تەمتىرەپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ - دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ كاتىپى جاۋجىيەنجۇيىنىڭ خوتۇنى بولۇپ يېشى ژىيىرمىلەردە بار، خۇددى قاتتىق شامال چىقسا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئورۇق. ئاندىن ئاپپاق، رەڭگى - روھى سۇزۇك بىر خوتۇن ئىدى؛ لېكىن ئۇ ھەر نەرسىگە چىدامليق، چىچەن، قولى ئەپچىل ئىدى، رەخت توقۇشقا ھېچ گەپ سىغمايدۇ، خايى خامانغا، خايى مېتىزلىقلارغا بارسىمۇ بەك ئەتىلىك ئىشلەيتتى، كىشىلەرگە يۇمشاق مۇئامىلە قىلاتتى. كىشىنى ناھايىتى پۇختا ئەدەپلىك قىلاتتى، قېينى ئانىسى بىلەن ئوبدان چىقىشاتتى، ئەرىمۇ بۇنىڭغا بەك ئامراق ئىدى.

گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى بولسا بىر كۈچىيىپ، بىر پەسىيىپ، چاقماقلار چېقىپ يەر - جاھان بىردەم يورۇپ بىر قاراڭغۇلۇشۇپ تۇراتتى. تېيەن چياۋشىن ئەمدى نىياڭ - نىياڭ - مىياۋنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە ئەنسىرەپ قالدى: ياپونلار ئىشغال قىلىپ تۇرغان دەۋرىدە بۇ يەردە دائىم ئادەم ئۆلتۈرۈلۈپ تۇرغاچقا كېسىلگەن باشلار ۋە ئاق ئۇستىخانلار يەرنى قاپلاپ تۇرىدىغان ئىدى، ئۆتكەن يىلى سېنتەبىردە 8 - ئارمىيە ئازات قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى يىغىشتۇرۇلۇپ كۆمۈلگەن ئىدى. تېيەن چياۋشىن بۇ نەرسىلەرنى يادىغا ئېلىپ ئىختىيارسىز قورقۇشقا چۈشتى. قەدىمىنى تېزلىتىپ كېتىپ باراتتى. تۇيۇقسىزلا كەينىدىن

«دۈك - دۈك» قىلغان ئاياق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، ئۇ كەينىگە قارىشىغىلا، چاقماق چېقىپ ئۇنىڭ يورۇقىدا بىر چوڭ، بىر كىچىك كىشىنى كۆرۈپ قالدى. تېيەن چياۋشىن قورقىنىدىن ۋاقىرىۋېتىپ يۈگۈرەشكە باشلىدى، ئۇ بەش - ئالتە قەدەم يەرگە يېتىپ بارمايلا، كەينىدىن كېلىۋاتقان ئىككى كىشى قوغلاپ يېتىپ، ئالمان - تالمان ئۇنىڭ بېشىنى تاغار بىلەن يۆگەپ ئالدى، تېيەن چياۋشىن قورقىنىدىن دەرمانى كەتتى. بەدەنلىرىنى تىترەك بېسىپ بەشەدىن سوغاق تەرلەر چىقىشقا باشلىدى، ھېلىقى ئىككى كىشى بىر تەرەپ بىلەن ئۇنى قولتۇقلاپ ئەكېتىپ ماڭدى، تېيەن چاۋشىن پەقەت بىردەم ئۆي، بىردەم دوڭ بىلەن كېتىپ بارغانلىقىنى، بىردەم خىش پارچىلىرىنى ۋە بىردەم قالايمىقان ئوت - چۆپ، بوش توپىلارنى دەسسەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزەتتى ۋە بىرقانچە ۋاقىت ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار تۇيۇقسىزلا توختاتتى ۋە ئۇ، شۇنداق ئىنچىكە ئاۋازنى ئاڭلىدى:

قورقما، بۈگۈن كەچقۇرۇن قايتىپ بېرىپ ئېرىڭنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، كېيىن تۈگىمەس بەخت ۋە تۈگىمەس بايلىققا ئىگە بولىسەن، ئەگەر بۇنى ئاغزىڭدىن چىقىرىپ قويساڭ، ئەتىلىككە جېنىڭدىن ئايرىلىسەن، پىچاق ئاستىدا ئۆلىسەن!

بۇ ئاۋۇش ئۇنىڭ قۇلىقىغا خۇددى قۇشقاچنىڭ ۋىچىرلىشىدەك ئاڭلىناتتى. سوز تۈگىگەندىن كېيىن ھېلىقىلار بىر نەرسە بولانغان قەغەزنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

بۇ بىر بولاق زەھەر؛ يادىڭدا تۇت! بۈگۈن كەچقۇرۇن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتسەن، ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن، بىر كۈنمۇ كۈن كۆرمەيسەن دەپ ئويلىمىغىن - دەپ بىر مۇنچە سوزلەرنى ئېيتتى.

بۇ چاغدا يامغۇرمۇ ياغدى. گۈلدۈرماما خۇددى ئاسمان ئۆرۈلۈپ يەرگە كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندەك گۈلدۈرلىگىلى تۇردى. بىردەمدىن كېيىن، بىر ئادەم توختىماستىن سوزلىگىلى تۇردى، تېيەن چاۋشىن تىترىگەن ھالدا، بېشىغا يۆگەنگەن لاتىنى يېشىپ تاشلاش بىلەنلا

www.azizisa.org

ھەلىقى ئىككى ئادەم كۆزدىن غايىپ بولدى، ئۇ چاقماق چاقماقنىڭ يورۇقىدا ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقى نىياڭ نىياڭ مياۋ دېگەن يەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە قورقىنىدىن ماغدىرسىزلىنىپ ئۆرە تۇرۇشقىمۇ ماجالى قالمىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئەقلىنى يوقاتمىدى. بىردەم ئولتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇ جەنۇبقا قاراپ ئۆمىلەپ مېڭىشقا باشلىدى.

يامغۇر خۇددى ئاسماندىن سۇ قۇيۇلغاندەك تېخىمۇ قاتتىق يېغىپ كەتتى.

— 2 —

دېخانلار جەمئىيىتىنىڭ كاتىپى جاۋ جىڭ جۈي، قارا چىراق يېنىدا تاماكىسىنى چېكىپ، خوتۇنىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. تاماكىنى كەينى - كەينىدىن چېكىپ خوتۇنىنى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە كۈتسىمۇ، لېكىن ئۇ قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ئەنسىرەپ:

جاۋ جىڭ جۈي، سەن چىقىپ قاراپ باقمىنا، ئۇ نۇرغۇنغا بولدىكىن، ئېغىر ئاياق ئادەم قاتتىق يامغۇردا تېيىلىپ كېتىپ يەنە بالىسىغا زىيان يېتىپ قالمىغاي. ئەگەر قايتىپ كەلمىسە، كىچىك ئاپىلاڭنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قالسۇن، — دېدى.

— جاۋ جىڭ جۈي ھەدەر اس دەپ كاڭدىن سەكرەپ چۈشتى ۋە بىر تاغارنى يېپىنچا قىلىپ قولىغا كۆزچىكىنى تۇتۇپ ئەمدىگىنە تاشقىرىغا چىقماي دەپ تۇرغىنىدا، تيەن چاۋشىڭ ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستى بېشى پاتقاق بولغانلىقتىن، ئۇچىسىدىن سۇ ئېقىپ تۇراتتى. چاچلىرى چۇۋۇلۇپ يۈزىگە چاپلانغان، چىرايى خۇددى سۇت قەغەزگە ئوخشاش ئاقىرىپ كېتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك باسقان ئىدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا ئۆزىنى كاڭغا تاشلىدى، كېيىملىرىدىن تۆكۈلگەن سۇلار كاڭدىكى كىگىزلەرنىمۇ ھۆل قىلىۋەتتى.

كەلىنىنى بۇنداق ئەھۋالدا كۆرگەن قېيىن ئانا، چۆچۈپ كەتتى ۋە ئاچچىقلىنىپ:

— ئەي بالام، مۇشۇنداق قاتتىق يامغۇردا قانداق يېنىپ كەلدىڭ؟ قارىغىنا، نەمىلەپ بولۇپ كېتىپسەن! يامغۇر ياققىنىنى كۆرگەندىن كېيىن كىچىك ئاپاڭلارنىڭكىگە بارساڭ بولماسمىدى! بۇنداق ... ئە ...، — دەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىدى، ئىچىشكە قايناق سۇ بەردى، جاۋ جىڭ جۈيمۇ ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنىڭ ئىشىغا ياردەملەشتى.

تيەن چاۋشىڭ كېيىمىنى يەڭگۈشلەپ بولۇپ كاڭدا يېتىپ ھەر كۈنكىدەك ئىچىپ يىغلاشقا باشلىدى، قېيىن ئانىسى ھەيران بولۇپ، پاي - پوتەكلا بولۇپ كەتتى.

— قورسىقىڭ ئاغرىۋاتامدۇ يە؟ — دەپ سورىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ يەنە ئۆزىدىن - ئۆزى گەپ سۆزلەپ:

— ئېھتىمالىم جىن - شەيتان تېگىپ قالسا كېرەك، قەغەز كۆيدۈرۈپ ھايدىۋەتسەك بولغىدەك! — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان تيەن چاۋشىڭ بېشىنى چايقاپ قويدى، ئۇ بولسا، تېخى يىغلاشتىن باشقىنى بىلمەيتتى.

— سا ئازادى نېمە بولدى «ئالدىمغا چىقمىدى» دەپ مەندىن ئاغرىندىڭمۇ يە؟ ئەمىسا گەپ قىل! — دەپ جاۋ جىڭ جۈيمۇ سۆزلەپ كەتتى. لېكىن تيەن چاۋشىڭ لام - جىممۇ دېمىدى، بىر پەستىن كېيىن ئۆزىنى يىغىدىن ئاران توختىتىپ مەن سەندىن ئايرىلىمەن، ئەتە ئەتىگەنلىكتە ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن — دېدى. كەلىنىنىڭ «ئايرىلىمەن» دېگەن سۆزىنى تۇيۇقسىز ئاڭلىغان قېيىن ئانىسى خۇددى بىر كىم چوماق بىلەن بېشىغا ئۇرغاندەك بولۇپ، ئۇچاق بېشىدا ئولتۇرۇپ قالدى ۋە كۆڭلى ئاغرىپ:

— مۇشۇ گەپ سېنىڭ ئاغزىڭدىن چىقتىمۇ؟! سېنىڭ بۇنداق دېيىشىڭ ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمەپتى. مەن بىزنىڭ ئۆيگە كەلگىنىڭدىن بېرى مەن سېنى ئۆز قىزىمدەك كۆرۈپ كەلدىم، ئۆزەڭمۇ بىلىسەن، سېنى ئۇرۇپمۇ باقمىدۇق، تىللاپمۇ باقمىدۇق، بىزنى خەق كەمبەغەل دېسىمۇ، ئۈستى - بېشىڭنى يالىڭاچ قويمىدۇق، تاماقسىز ئاچ قالدۇرمىدۇق، بېشىڭنى تېڭىپ كۆتۈرۈپ ياخشى بىر ئويلىنىپ باققىن، بۇ ئۆزەڭ ئۈچۈن ياخشىمۇ؟

جاۋ جىڭ جۈي بىر تەرەپتىن بەسەرەمجان بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئاچچىقلىنىپ:

سېنىڭ بۇ سۆزۈڭدىن مەقسىتىڭ نېمە؟ بۇرۇن بىر ئېغىز ئۇرۇشمىغانمىزمۇ يوق، بىرەر قېتىم يېرىشمىزمۇ يوق. كەمبەغەل ۋاقتىمىزدا سەن ناھايىتى ئوبدان ئۆي بولۇپ كەلگەن ئىدىڭ، ئەمدى تېخى قەددىمىزنى كۆتۈرۈپ، ئۆي سېتىپ ئالدۇق، يەرگە ئىگە بولدۇق، قارىماسەن تۇرمۇشىمىز كۈندىن - كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىپ بارىدۇ، بۇنداق تۇرۇپ سەن ئوبدان ئۆينى بۇزماقچى بولىسەن، مەن سېنىڭ ئويىڭنى ھەقىقەتەن بىلەلمىدىم. يا مەندىن بىرەر كەمچىلىك ئۆتتىمۇ ئۆزەڭگە ئېيتقىن. ھازىر خەلق ھۆكۈمىتى سۆزلەيدىغان ۋاقىت، كۆڭۈللۈك مۇزاكىرىلىشىپ باقمايمىزمۇ! ئەگەر مېنى يارىتمىغان بولساڭ ئىختىيار ئۆزەڭدە، ئۆزەڭگە لايىق تاپساڭ؟ بۇنىمۇ ئوچۇق ئېيتىۋەرگىن.

www.azizisa.org

ئۇسوزلەر تېمەن چاۋشىننىڭ ئۇرۇگىنى خەنجەر بىلەن تىلىلغاندەك بولدى. ئەڭ ئېرىدىنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى قەيىنسى ئانىسى-سىڭىلىسىمۇ ياخشى قىيىنى ئانا ئەكەنلىكىنى بىلىدۇ، «ئەرىمەدىن تاج رايمەن» دېگىنى ئۇنۇڭ ئىلاجىسىز لىقتىن تاپقان ئامالى ئەدى. ئۇ ئەرىنى ئۆلتۈرۈشكە جىدالسايدۇ. لېكىن ھەلىقى ئىككى ئادەمدىنمۇ قورقۇدۇ. شۇڭلۇق ئۈچۈن ئۇ بىر ئامالنى قايتىپ كەلىۋاتقىنىدىلا ئويلاپ قويغان ئەدى. ھازىر ئۇنى ئېيتىپ قويدى. ئۆزىنىڭمۇ دىلى ئاغرىدى. يىغلىدى. يىغلىغانسېرى يىغلىغۇسى كېلىپ ھەنقا بەشىدىكى ياستۇقنىمۇ ھول قىلىۋەتتى. بىردەم ئۈمىلەپ قويۇدۇ. بىردەم يېتىۋالىدۇ بىر قىيىنى ئانىسىغا قارايدۇ، بىر ئەرىگە قارايدۇ. ئۆزىنىڭ دەت-ئەھۋالىنى ئۇلارغا تۆكمەكچى بولۇدۇ. لېكىن سۆزى بوغۇزىغا كېلىپلا قايتىپ كېتىدۇ. ناھايىتى ئاران: «مەن بۇنى چاۋ ئائىلىسىنى دەپ قىلدىمغۇ! مەندە تاقەت قالمىدى! ......... ئۇنداق بولمىغاندا مەن بۇ يەردىن كوچۇپ كېتىمەن» دەپ بىر جۈملە سۆزنى ئېيتالىدى. باش - ئايىغى يوق بۇ سۆزنى ئاڭلىغان چاۋ جېڭجۇي ناھايىتى ئەججەپلەندى. ئەخيىمۇ قىستاپ سورىشقا باشلىدى. ئەيىنى ئانىسىمۇ ئاريىسالدا قالغانلىقتىن ئەگەشكە باشلىدى. تېمەن چاۋشىن بۇ ئەگەشلەر نەتىجىسىدە چارىسىز قېلىپ، يولدا كېلىۋېتىپ يولۇققان ئىشلارنى ۋز ئەينى بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىپ بەردى.

ئەينى ئانىسى قورقۇپ كېتىپ:

- ئاھ خۇدا! بۇ قانداق ئىش؟ بۇ قانداق ئادەمنىڭ يامان نىيىتى؟ بۇ . بۇ ............ ئاھ ! — دېدى ۋە چاۋ جېڭ جۇيگە ئاچچىقلىنىپ داۋام قىلدى- بۇ پۈتۈنلەي سېنىڭ دەنخانلار ئۇيۇشمىسىغا كاتىپ بولغانلىق گەدىن كېلىپ چىققان! كۆپچۈلۈك ئۈچۈن ئىشلەيمەن دەپ باشقىلارنى رەنجىتىپ قويدۇڭ. قورۇلغان پوچاقنى ھا مەن يېسۇن. قازان سۇنسا بىر ئادەم ئولىسۇن! 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئورۇپ خامانغا دۆۋىلەپ قويغان 5 مولۇق يەرنىڭ بۇغدىيىغا ئوت قويۇپ ھەمجە نەمىسىنى قويماي كويدۇرۇۋەتتى، بۇزۇق كىشىلەر زىيانداشلىق قىلىپ تۇرسا بىر قانداق كۈن ئالىمىز!

چاۋ جېڭ جۇي لام - جىم دېمەستىن شۇنى ئەسلىدى، مەن 30 ياشقا كىرىپ ھېچ قانداق ئادەم بىلەن ئۇرۇشۇپ باقمىدىم. ئۈچ ياشار بالىنىمۇ رەنجىتىپ باققان ئەمەس، پەقەت ئۆتكەن يىلى 10 - ئايلاردا تورچاق يېزا باشلىقى گاۋ بولو ئۈستىدىن كۈرەش ئاچقان چاغدىلا، مەن باشچىلىق قىلغان ئەدىم.

گاۋ بولونىڭ لەقىمى خوك خوجو بولۇپ، ئۇ ھەممىگە مەشھۇر بولغان زومىگەر بومىششىك ئەدى. ئۇنۇڭ بويى ئەگىز بولۇپ مۇشلۇشۇشنى بىلەتتى.

ئېلگىرى تىنىچلىق سانلاش ئېداريسىنىڭ شۇنگۈنى بولغان، ياپونلار كەلىش بىلەنلا يېزا باشلىغى بولۇۋىلىپ، ياپونغا قارشى بولغان خىزمەتچىلەرنى ئولتۇرگەن، 8 - ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئائىلىلىرىنى دۈشمەنلەرگە كورسۇتۇپ بەرگەن. دۈشمەننىڭ كۈچىگە تايىنىپ بەلىقلارنى ئەزگەن. خوتون-قىزلارغا باسقۇنچۇلۇق قىلغان. خەلقنىڭ يەرلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋىلىپ، ئالدامچىلىق بىلەن بېيىغان نەرسە ئەدى. چاۋ جېڭ جۇينىڭ ئانىسىمۇ ئېيتارە ھەققىنى تاپشۇرالمىغانلىقتىن خوك خوجو ئۇنى ئۇيىگە 3 كۈن تاماپ قويۇپ ئاچ تۇتقان ئەدى، چاۋجېڭ جۇينىڭ ئانىسى قاماقتىن چىقىش بىلەنلا ئاغرىپ ئولگەن ئەدى. خوك خوجو ئۇيىدە چوڭ بىر قارا ئىشتنى بېقىپ، ئۇنۇڭ بويىنىغا ۋە ئۇچىسىغا ئەسىل زىننەتلىك بويۇملارنى ئەسىپ قويار ئەدى. ئۇ ئىشتقا ھەر قانداق ئادەم يېقىن كەلەلمەيتتى، بىر ئەتىم، نيۇ ئەرمەننىڭ 4 ياشلىق قىزىنى خوك خوجو ئىشتىغا تاشلىتىپ، ئۇنۇڭ قوسىقىنى يېرىپ ئولتۇرۇپ قويغاندا، قارام مۇجەزلىك نيۇ ئەرمەن گورجەك بىلەن ئىشتنى بىر ئۇرۇپلا ئولتۇرۇپ قويغان ئەدى بۇنۇڭ بىلەن چوڭ غاۋغا كېلىپ چىققان ئەدى. خوك خوجو ھەلىقى ئىشتنى مېنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكىرىم، نيۇ ئەرمەن 8 - ئارمىيەنىڭ ئادىمى دەپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى ۋە ئارغامچا بىلەن نيۇ ئەرمەننى باغلاپ بۇتخانىغا ئېلىپ بېرىپ ئىشتنىڭ جەسىتىنىڭ جەنىكتى ئالدىدا قويمايمەن دېدى. كېيىن نيۇ ئەرمەننىڭ دادىسى يالۋۇرۇپ تۇرۇپ قويۇشقا باشقا ئادەملەردىن تەلەپ قىلىش نەتىجىسىدە نيۇ ئەرمەنگە 5 دادەن بۇغداي جەرىمانە قويۇلدى، ئۇنۇڭ ئۈستىگە نيۇ ئەرمەن بىر ساندۇق سەتىۋىلىپ ئىشتنى ئۇنۇڭغا سالدى. داقچۇ - دۇمباقچىلار ئاشتا ئادەم يالالىدى. خوك خوجو شۇنداق قىلىپ نيۇ ئەرمەنگە ئاق كىيىم كىيگۈزۈپ ئىشتنىڭ ئولۇگىنى نيۇ ئەرمەنلەر جامائەتنىڭ قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىپ كومگۈزگەن ئەدى. مانا شۇنۇڭ بىلەن ئۇنۇڭ ئىشى ئۆتۈگەن بولدى. بۇنداق ئىشلارنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. پۈتۈن يېزا خەلقىنىڭ ئۇنۇڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى ھەددى ھېسابسىز كۈچەيگەن ئەدى.

www.azizisa.org

ئۆتكەن يىلى 10-ئايدا بۇ يەرلەر ئازات بولغاندىن كېيىن، رايوندىن ئەۋەتىلگەن خىزمەتچىلەر، خەلقنى خائىنلەرگە ۋە زومىگەرلەرگە قارشى قوزغىدى. ئۇ چاغدا، جاۋجىڭ جۈي بىلەن نيۇ ئەرمەن ئاكا ئۇلاردىن بولۇپ، پۈتۈن يېزا خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ پارىخەرلۇقتا ۋە ئادامچىلىق بىلەن پۇل تېپىشقا قارشى كۈرەشنى خوڭخوجۇنىڭ ئۈستىدىن باشلىدى. خوڭخوجۇنىڭ جىنايەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى. لېكىن ئەمدىلا ئازات بولۇپ، ئاممىنىڭ ئاڭ يەتەرلىك دەرىجىدە يۇقۇرى كوتۈرۈلمەي، بەزى ئەندىشىلەر بولۇپ كەلگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش ھەق دادىغا يەتمىگەن ئىدى. كۈرەش مەجلىسى ئاچقان چاغدا، كىشىلەر مەيدانغا چىقىپ يۈزمۇ-يۈز كۈرەش قىلىشقا پەتىنالماي، پەقەت ئارقىسىدىنلا گەپ قىلىشاتتى. ئۇ چاغدا پەقات جاۋجىڭ جۈي بىلەن نيۇ ئەرمەنلا ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى.

كۆپچۈلۈك يالغۇز شۇلارلا ئوۋلاپ ئۇلارغا كۈچ بەردى. ئەھۋالنىڭ يامانلاپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرگەن خوڭخوجۇ دەرھال بوشاپ قېلىپ:

- مەن ئوتتۇرىدا خاتالاشقان ئىكەنمەن، ھەر قايسىڭلارنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولۇۋاتىمەن. بۈگۈن مېنىڭ ئۈستۈمدە كۈرەش قىلىشىڭلار مەن ئۈچۈن كۆيۈنگەنلىگىڭلار. مەن سىلەرنىڭ پۇل ۋە مال-مۈلكىڭلارنى ئالدىم، ھەر قايسىڭلارغا چىن كۆڭلۈمدىن تولاپ بېرىپ ئۆتەمەي مەن يەنە ھاكىمىيەتنىڭ ئاستىدا ئوبدان بىر پۇخرا بولۇشنى خالايمەن! - دېدى. كىشىلەر دەسلەپ خېلى قاتتىق تۇرغان بولسىمۇ بۇ سوزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈرەش بوشاپ قالدى. بۇنىڭ كەينىدىن ھېساپ ئېلىش ئىشى باشلىنىپ، خوڭخوجۇنىڭ 76 مو يېرىنى زورلۇق بىلەن تارتىپ ئالغانلىقى، 500 دىن ئوشۇق كۈمۈش تەڭگە، 37 دانەدىن ئوشۇق بۇغداي پارە يېگەنلىكى مەلۇم بولدى. قەرزىنىڭ بۇنداق كۆپ ھېساپلانغانلىقىنى كۆرگەن خوڭخوجۇ بىردىنلا يەرگە تىزلىنىپ خەلققە باش ئېگىپ: «يۇرتداشلىرىم! مېنى ئولتۈرۈپ سالساڭلارمۇ مۇنچىلىك پۇل چىقمايدۇ. كۆپچۈلۈكنىڭ قولىدىن ھەر قانداق ئىش كېلىدۇ. كۆپچۈلۈك ئۆتكەن ئىشنى كەتتى دەپلا قويساڭلا ئوتتۇپ كېتەر ئىدى. مەن كۆپچۈلۈكنىڭ ئىلتىپاتىنى ئۇ دۇنيادا - بۇ دۇنيادا ئۇنۇتمايمەن» - دەپ يالۋۇرۇپ گويا باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى يۇمشاتماقچى بولۇپ يىغلاشقا تۇردى. لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۈندىمىدى. جاۋجىڭ جۈي: «سەن بىزنى ئالدىغان چاغدا، نەپسىڭ ئانچىلىك يامان ئەمەسمىدى؟ ئەمدى ئەمىنى يېگەن بولساڭ شۇنى يانىدۇ! بېرىسەنمۇ قالدۇرمامسىز!» - دەپ ۋاقىراپ سوزلىدى. خوڭخوجۇ يەنە بېشىنى يەرگە قاقاق تۇرۇپ، كۆپچۈلۈككە باش ئەگدى. بۇرنىدىن ئاققان سۇلىرى بىلەن كوزلىرىدىن ئاققان ياشلىرى يۈزىنى قاپلاپ كەتتى. بۇ چاغدا بىرنەچچە قېرى كىشى چىقىپ، ئەپلەشتۈرۈشكە تۇرۇندى. بۇنداق بىر مۇتتەھەمنىڭ باش ئەگكەنلىكىنى كورگەن خەلقمۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالدى. كېيىن ئوتۈگەن تولۇق ئەلا نىيدىغان ئاشلىق بىلەن كۈمۈش تەڭگىلىرىنىڭ يېرىمى كەمەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن كۈرەش قالايمىقان تۈردە ئاياغلاشقان بولدى.

خوڭخوجۇ ئوز ئۈستىدە قىلىنغان كۈرەشتىن كېيىن خۇددى يامانلىقىنى تاشلاپ توغرى يولغا كىرگەندەك بولۇپ قالدى. كىشىلەرنى كورسە ئاغزىنىمۇ ئاچمايدۇ، كۆلۈپمۇ قويمايدۇ. خۇسۇسەن جاۋجىڭ جۈي بىلەن نيۇ ئەرمەننى كورسە، تەخىمۇ ئېززەت-ئىكرام بىلدۈرىدىغان بولدى. بەزى ۋاقىتتا يېزىدىكىلەر بىلەن بوش ۋاقىتلاردا پاراڭ سېلىشقىنىدا: «يېڭى ھاكىمىيەت ھەقىقەتەن مېنى تەربىيەلەپ توغرى يولغا سالدى، بۇندىن كېيىن ئوبدان ميهنەت قىلىپ ئىشلەپ چىقىرىشقا قاتنىشىمەن» - دەيتتى. بەزىدە سەۋەت كوتۈرۈپ قىغ يىغاتتى. بۇ ئەھۋالنى كورگەن يېزىلىقلار، ئۇنىڭ كەينىدىن: «گاۋ بولو كورەشتىن كېيىن خېلى يۇۋاشلاپ قاپتۇ!» دېيىشەتتى.

بۇ يىل ئەتىيازدا ئوشتۇمتۇت ئارقىمۇ-ئارقا بىرنەچچە ۋاقىئە پەيدا بولدى: ئەۋۋەل بەزى ئادەملەر «گومىنداڭنىڭ كونا ئەسكەرلىرى كېلىدىكەن، 8-ئارمىيە كېتىدىكەن، ئۇندىن كېيىن دۇنيادا ئون يىل توپولاڭ بولىدىكەن، بۇيەر ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىدىكەن» دېگەن پىتنە - ئىغۋالارنى تارقىتىپ خەلقنىڭ كوڭلىنى پاراكەندە قىلدى. ئىشلەپ چىقىرىش ئىشلىرىمۇ ياسۇسلىشىپ قالدى. كېيىن رايوندىكى يولداشلار كېلىپ مەجلىس ئېچىپ، ئۇنداق دەپ، بۇنداق دەپ، ئىككى كۈن چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئاندىن بۇ پىتنە - ئىغۋالار بېسىلىپ قالدى. ئۇزۇن ئوتمەي، يېزىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئورنىتىپ قويۇلغان تېلېگراف تۈۋرۈكى كېسىپ تاشلاندى، دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋىۋىسكىسى بىراۋ تەرىپىدىن تاھارەتخانىغا تاشلاندى. 5-ئايدا ئا جاۋجىڭ جۈينىڭ ئەمدىگىنە ئورۇپ كېلىپ خامانغا

www.azizisa.org

زىيغىپ قېيغان 5مو يەرىنىڭ بۇغدىيىغا، يەرىم كېچىدە ئوت قويۇپ كويدۇرۇۋەتتى. بۇ كۈن كېچە يەنە بۇۋاقىئە پەيدا بولدى.

جاۋ جيېڭ جۇي بۇ ئىشلارنى ئويلاپ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، چىرايلىرى تۈتۈلدى. تۇساتتىن خوتۇنىغا:

— سەن ئاڭلىغان ئاۋاز كىمنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ؟

— ھەلىقى پاكار بويلۇقنىڭ ئاۋازى ئىنچىكە، بىزنىڭ يەرىدىكىلەرگە ئوخشىمايدۇ، ھەلىقى ئىگىز بويلۇق كىشى بىر ئېغىزمۇ سوز قىلمىدى.

جاۋ جيېڭ جۇي ھەلىقى تاغارغا ۋە زەھەرگە يەنە بىر قېتىم ئوبدان سەپ ـ سەلىپ چىقتى: تاغار ئوتتۇشتە ياپونلارنىڭ ئۇن قاچىلىغان تاغىرى ئەدى. زەھەر سارغۇچ پاراشوك ئەدى. ئۇ بىر ۋاقىتلارغىچە قاراپ ئولتۇرۇپ، موشتۇمىنى تۈگۈپ مەيدىسىگە بىرنى ئۇرۇپ:

— بولدى بۇ ھەلىقى خوڭخو جۇ دىگەن ئىشتىنىڭ ئالىيسىنىڭ ئىلغان ئىشى، مەن ئۇنىڭدىن بۇرۇنىدىنلا گۇمانلىنىپ ژۈرەتتىم، بۇ يەزىدا ماڭا دۈشمەنلىك قىلىدىغان ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم يوق.

— باللىرىم بۇ يەزىدا تۇرالمايدىغان بولدۇق. جاپسان كوچۈپ كېتەيلى!ـ دىدى ئانىسى:

— ئۇ مەنى ئۆلتۈرمەكچىمىكەن؟ مەن بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتمەي قويمايمەن!ـ دىدى جاۋ جيېڭ جۇي.

بۇ چاغدا شىپ ـ شىپ قىلىپ كەلىۋاتقان ئاياق ئاۋۇشنى ئاڭلاشىدى. ئىشىك ئەچىلدى، بەشىغا تاغار يۈگىگەن، قولىغا كۆچەك تۇتقان، ئاياقلىرى لاي بىر يات ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىش بىلەن يۈگەنگەن تاغىرىنى ئەلىۋەتتى، بۇ گەسلىدە خەلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئەترەد باشلىغى نيۇ ئەرمەن ئەدى. نيۇ ئەرمەن يۇغان ئاۋاز بىلەن:

— جاۋ جيېڭ جۇي ئاكا بىر ئەجايىپ ئىش بولدى، مەنىڭ كالام ئەغىلدا ئوبدان باغلاقلىق تۇراتتى، يامغۇر تازا يېغىۋاتقان چاغدا، كالام تۇيۇقسىزلا «مو-مو!» دەپ مورەپ ئوزىنى گۈسولدۇتۇپ تامغا ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن ئوخلاپ قالغان ئەدىم، ئالمان ـ تالمان چىراقنى يېقىپ قارىغىدەك بولسام، كالام ئولۇپ قاپتۇ، قالمىغىدىن ئۇنىڭ ھېچبىر يەرى يارىلانمىغان، كىمىننىڭ خوتۇنىم كالىنىڭ كەينىگە قادىلىپ تۇرغان بىر پىچاقنى تېپىپ ئالدى. مەن بۇ ئىشنى قىلغان كىشىنىڭ ئاتانىسىنى كوزىگە كورسۇتىمەن، بۇ زادى شىپيون بۇزغۇنچىلارنىڭ قىلغان ئىشى!ـ دىدى.

— سەن كىمدىن گۇمان قىلىسەن؟ ـ دەپ سورىدى جاۋ جيېڭ جۇي.

— كىم ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، تۇتۇپ ئالسام ئىشت بالىسىنى، توغراپ قىيما قىلمىغىچە قويمايمەن!ـ دىدى نيۇ ئەرمەن.

جاۋ جيېڭ جۇيمۇ بۇ كۈن كېچتە ئوز ئۆيىدە پەيدا بولغان ۋاقىئەنى باشتىن ـ ئاياقىچە بىر قۇر ئېيتىپ بەردى، ھەمدە:

— مەن خوڭ خوجۇدىن گۇمانلىنىمەن، سەن ئۇنىڭ كورۇنۇشتە ئوبدان بولۇپ كورۇنۇشىگە، بىزنى كورگەندە ئىززەت ئەكرام ـ بىلدۇرۇشىگە قارىما، ئۇ كوڭلىدە بىزگە ناھايىتى ئوچ بولۇشى مۇمكۈن، سەن ئويلاپ كۆركىن: مەنىڭ خوتۇنۇمغا ئۇچراشقان ئىگىز بويلۇق كىشى بىر ئېغىزمۇ سوز قىلماپتۇ، ئۇ چوقۇم ئاۋازىدىن تونىدۇرۇپ قويۇشتىن قورققان؛ پاكار بويلىغى ئۇنىڭ بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ باشقا يەزىدىن كەلگەن ئادەم، يەنە تىرىك كالىنىڭ كەينىگە پىچاق ئۇرۇش، كوچى يوق ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. خوڭ خوجۇ ئوزى موشچى تۇرسا، ئۇ بولماي كىم بولىدۇ؟

— يۇر ئىشتىنىڭ بالىسىنى تۇتۇۋېلىپ ئەدىۋىنى بەرەيلى!ـ دەپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى.

— ئۇنداق ھودۇقۇپ كەتكەن بىلەن بولمايدۇ، بىز بۇ كۈن كېچە يەزا ئىدارىسىدىن ئەسكەر ئەلىپ ئالدى بىلەن نوپۇس تەكشۈرۈپ بېقىپ كىمنىڭ ئويىدە يات ئادەم بارلىغىنى بىلىپ باقايلى، ـ دىدى جاۋ جيېڭ جۇي.

ئانىسى ئالدىرىغان ھالدا: «باللىرىم، جەدەل ئاپىمىسا گلارچۇ!» دەپ قالدى.

جاۋ جيېڭ جۇي ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن، تاغارغا يەر گۈنۈپ قولىغا گۇجىگىنى ئەلىپ نيۇ ئەرمەن بىلەن چىقىپ كەتتى.

— 3 —

يامغۇر توختىماستىن يېغىپ تۇرۇدۇ. گۈلدۈر ماما ئاۋازلىرى ئۈزلۈكسىز گۈلدۈرلەپ تۇرۇدۇ. كوچا ناھايىتى پاتقاق. جاۋ جيېڭ جۇي بىلەن نيۇ ئەرمەن تېيىلىپ-سىيرۇلۇپ يەزىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى بىر يەكىدىن سالغان قورانىڭ دەرۋازىسىغا يېقىپ كەلدى. بۇ خوڭخوجۇنىڭ ئويى بولۇپ ئوتكەن ژىل ئەرنىڭ مىياۋ بۇتخانىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يەزىدىكى كىشىلەرگە زورلۇق بىلەن خىش ـ كەسەك تۇشۇتۇپ ژۈرۈپ سالدۇرغان ئەدى. بۇ ئىككىسى دەرۋازا ئالدىغا كەلىپ، سەرەڭگە چېقىپ قاراپ پاتقاقتا چۈشكەن بىر نەچچە كىشىنىڭ

www.azizisa.org

چوڭ-كىچىك ئاياق ئىزلىرىنى كۆردى، دەرۋازا مەھكەم ئېتىلگەنلىك، بۇلار سۇ كىرىدىغان سۇنگۇشتىن قاراپ مېھمانخانىدا چىراغ يېنىپ تۇرغانلىقىنى كوردى. ئاڭلىنار، ئاڭلانماس ئىككى ئادەمنىڭ سوزلىشىۋاتقانلىغى ئاڭلاندى. بىرسى خوڭ خوجۇنىڭ ئاۋازى ئەمەس. يەنە بىرسىنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ئىنچىكە ئەمەس. جاۋجىيڭ جۇينىڭ يۈرىگى سوقۇشقا باشلىدى. نيۇئەرمەن تېزلىك بىلەن يەنە پانار كوتەرگەن 3 قوراللىق خەلىق ئەسكەرىنى قىچقىرىپ پادىۋز

www.azizisa.org

ئەمدىلا دەرۋازىنى بىر نەچچە ئۇرۇشىغا مېھمانخانىدىكى چىراغ دەرھال ئۆچتى، قانداقتۇ بىر ئاۋازلار ئاڭلاندى. بىر دەمدىن كېيىن خوڭ خوجۇ چىقىپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— بۇ كىم؟ — دەپ ۋاقىرىدى. نيۇئەرمەن:

— خەلىق ئەسكەرلىرى، كەچىسى تەكشۈرۈشكە چىقتان! — دىدى. خوڭ خوجۇ بىر تەرەپتىن دەرۋازىنى ئېچىپ تۇرۇپ بىر تەرەپتىن مۇلايىملىق ۋە يۇمشاق ئاۋاز بىلەن:

— ھە، سىلەر ئىكەنسىلەر! سىلەر ھەممىمىزنىڭ تىنچ ھاياتى ئۈچۈن ھەقىقەتەن جاپا چېكىۋاتىسىلەر! چاپسان ئويگە كىرىڭلا — دەپ قويدى.

خەلىق ئەسكەرلىرى بىردىنلا مېھمانخانىغا بېرىپ قالدى، خوڭ خوجۇ چىراق ياندۇرۇۋېتىپ:

— مەن ئۇخلاپ قاپتىمەن، سىلەرنى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىتىپ قويدۇم، ئەپۇ قىلىڭلا! — دىدى.

— نيۇئەرمەن، — ئويۇڭدە مېھمان بارمۇ؟ — دىدى.

— خوڭ خوجۇ، — يوق، مېھمان بولسا، بالدۇر لامەلۇم قىلاتتىم، — دەپ ئوچاق ئالدىدىن قوزغالماي سوزلەپ تۇردى.

جاۋجىيڭ جۇي پۈتۈن ئويگە بىر سەپ سېلىپ چىقىپ كانىدا تېزغلىق تۇرغان ئىككى يېڭىچىنىڭ شۇ بويىچە تۇرغانلىقىنى كورۇپ قالدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ تەختى ئۇخلىمىغانلىغى مەلۇم بولدى، شىرەدە تۇرغان گوش قالدۇقلىرىدىن ۋە ياغ تامچىلىرىدىن ئۇلارنىڭ يېڭىلا تاماق يەپ بولغانلىغى ئاشكارە بىلىنىپ تۇراتتى. بۇرۇنغا ھاراقنىڭ پۇرىغى كەلدى، جاۋجىيڭ جۇي قەستەن:

— ئەپيۇننىڭ پۇرىغى كېلىۋاتىدىغۇ! — دىدى.

— يوق. يەڭگى ھاكىمىيەت ئورنۇتۇلغاندىن كېيىن ئۇ مەنئى قىلىندى. ئۇ، بولمايدىغان نەرسە، يەڭگى ھاكىمىيەت مېنى ئوزگەرتىپ ياخشى ئادەم قىلىپ قويدى،

— دىدى خوڭ خوجۇ. بۇنىڭغا جاۋجىيڭ جۇي پەرۋا قىلماي ئونى نەرى ئىشتىر دۇرتىپ، يېنىپ تۇرغان چىرىغىنى ئېلىپ كانگنىڭ ئۈچىغا قارىغان ئەمەس. ئۇ يەردە ھول ۋە لايغا مىلەنگەن ئىككى جۈپ كەش ۋە پايپاقنى كورۇپ قالدى. جاۋجىيڭ جۇي ئونى ئېلىپ چىقىپ سورىدى،

— بۇ نەمە؟

خوڭ خوجۇ ئالدىراشلىق بىلەن: — «ھېلى تاھارەتكە كىرگىنىمدە ھول بولۇپ كەتكەنلىكتىن قۇرۇتقىلى قويغان ئەمەدىم» — دىدى. جاۋجىيڭ جۇي سوغۇققىنا كۈلۈپ:

— ئالدىنقى ئايدا كانگنىڭ ئوچوغىغا ئوت قالانمىسا، ئونى قانداق قۇرۇتىسەن؟ — دىدى. خوڭ خوجۇ بىر سوز بىلەن ئوزىنىڭ سوزىدە تۇتۇلۇپ قالغانلىغىنى بىلدى ۋە چىرايى ئىختىيارسىز ئوزگەردى. بۇ چاغدا نيۇئەرمەن ئوزىنى توختىتالماي، قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— ئاختۇرۇڭلا ئونى — دىدى، ئەسكەرلەر ھەر كەتكە كىلىشكە باشلىدى. خوڭ خوجۇمۇ بۇ چاغدا خىجالىتىنى ئاچچىققا ئورۇپ، قوپال ئاۋازلىرى بىلەن:

— سىلەر نېمىلەرگە ئاپىنىپ كىشىنى ئاختۇرماقچىسىلەر، مەندىن قانداق خاتالىق ئوتۇپتۇ؟ — دىدى ۋە سوزلەۋېتىپ بىردىنلا ساندۇقنىڭ ئۇستىگە ئولتۇرۇۋالدى. بۇ ۋاقىتتا خەلىق ئەسكەرلىرى ئاختۇرۇپ بىر چوگۇن ھاراق، ئىككى جۈپ چوكا، ئىككى تەخسە گوش تاپتى. نيۇئەرمەن خوڭ خوجۇنى تارتىپ ساندۇقنى ئاختۇرماقچى بولغان ئەمەس، ئۇ، ئورنىدىن ھەرگىز قوزغالمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى. بىر نەچچە كىشى ئونى تارتىپ تۇرغۇزدى. نيۇئەرمەن ئەمەدى ساندۇقنى چېقىۋاتقاندا ساندۇقتىن «تاڭ» قىلىپ ئەتىلىپ چىققان بىر پاي ئوقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. نيۇئەرمەن: «ۋاي يەيدىغان» ئاۋاز بىلەن قولىنى تۇتۇپ يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى. سىرنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىغىنى كورگەن خوڭ خوجۇ ئېتىلىپ كەينىگە يېنىپ ئەسكەرلەرنىڭ مىلتىقىنى بۇلاشقا ئورۇندى، ئۇ كۈچلۈك، مۇشتى بولغانلىقتىن، ھەلىقى بىر ئەسكەر ۋىقىلىپ چۈشتى. جاۋجىيڭ جۇي ئاچچىغى كېلىپ چاپسانلىق بىلەن گورجىكىنى كوتۇرۇپ خوڭ خوجۇنىڭ ئول ئوتتۇرىغا بىردى ئۇرغان ئەمەس؛ خوڭ خوجۇ خۇددى چالا بوغۇزلاپ قويغان كالىدەك سەكرەپ كېلىپ جاۋجىيڭ جۇيگە ئېتىلدى، قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى. قالغان ئەسكەرلەر ئارقا - ئارقىسىدىن ئونى ئوۋشقا كىرىشتى. خوڭ خوجۇ ئورۇندۇقلارنى كوم

www.azizisa.org

تۇرۇپ قالايمىقان ئۇرۇشقا باشلىدى. ئىنۇ ئەرمەن ئاغ-
ۋىقىغا چىداپ تۇنۇك بىر بۇتىنى تۇتۇپ ئالغان ئەدى،
ئۇ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ يەنە جان تالاشماقتا ئەدى.
ئەسكەرلەر ئۇنى چەبەرچەس قىلىپ باغلاپ ئالدى.
بۇ چاغدا ساندۇقتىن يەنە ئىككى ياي ئوق ئېتىلدى،
لېكىن بەختىكە يارىشا ھىچ كىمگە تەگمىدى. ئەسكەرلەر
دىن بىرسى ساندۇققا قارىتىپ ئۈچ ياي ئوق ئاتقان
ئەدى، ساندۇق ئىچىدىن ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. جاۋ-
جىڭ جۇي ئالدىراشلىق بىلەن ساندۇقنى ئاشماقچى
بولدى. لېكىن ساندۇقنىڭ قۇلۇپى چەت مەملىكەتتە
ئىشلەنگەن قۇلۇپ بولغانلىقتىن ھەممىسى بىرلىكتە پال-
تا بىلەن بوزۇپ ئاچتى، ساندۇقتىن بەشى قانغا بويال-
غان قولىدا بىر ئاپانچىنى مەھكەم تۇتۇپ ئۇرغان ئۇ-
رۇق ھەم پاكار بىر ئادەمنى تارتىپ چىقاردى. ئەسكەر-
لەر ئۇنىمۇ باغلاپ ئالدى.

بۇلار يەنە بىر مۇنچە ۋاقىت ئاختۇرۇپ كاڭنىڭ
ئۈستىدىن چوڭ بىر بولاق زەھەر، بىر باغلام خارجى
پۇل، يەنە بىر پارچە يەنشى سەندەن بەرىلگەن خىز-
مەتكە بەلگۈلەش قەغىزىنى تېپىپ ئالدى. بۇ قەغەز خوڭخو-
جۇنى يەزىدىن باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىكىگە تەيىن-
لەپ بەرىلگەن قەغەز ئەمەن، جاۋجىڭ جۇي قولىنى شىلتەپ:

-«يۇرۇڭلار يەزا ئىدارىسىگە بارىمىز، بۇ قەتىم
ۋەقەنىڭ تۈپ يىلتىزىنى تاپتۇق»، - دىدى.

4

يەنە بىر كېچىدە بىر ياي ئوق ئاۋازى چىقىپ يەزىدا،
جۇجۇش ۋە قالايمىقانچىلىق ئەھۋال يۈز بەردى، تاڭ
ئاتار چاغدا يامغۇرمۇ توختىدى. يەزا ئىدارىسىدىن
خەۋەر ئاڭلىماقچى بولۇپ كەلگەنلەر، «جاسۇس تۇتۇل-
دى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا، شۇ زامان ئۇنى پۈتۈن
يەزىغا يايدى. ئادەم بارغانسىرى كوپەيدى. يىمياۋ-
يۈەن بۇتخانىسى ئادەم بىلەن لىق تولدى، كىشىلەر
جاسۇسلارنى كورىمىز دەپ ۋاقىرىشىپ تۇرۇدۇ. خوڭخو-
جۇ بىلەن ھەلىقى ئۇرۇق پاكار كىشى كەلتۈرۈلدى، بۇ-
لار ئاياقلىرى تىترىگەن يۈزلىرىدە قان قالمىغانھالدا
باشلىرىنى سىلىپ تۇردى. جاۋجىڭ جۇي يەلەمپەيدە
تۇرۇپ:

- گېپ ئېنىقلاندى. بۇ يىل ئەتىيازدا بولغان پىتنە-
ئىغۋالار، تىلىگراف تۇۋرۇكىنى كەسىشلەر كە ئوخشاش
ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بۇلار قىلغان، بۇلار تونۇگۇن
ئىنۇ ئەرمەننىڭ كالىسىنى پىچاق تىقىپ ئولتۇردى. يە-
نە ھەمىنىڭ خوتۇنۇمنى مەنى زەھەرلەپ ئولتۇرۇشكە قىس-
تىدى. تەخى ئىسان كوتۇرۇپ، دېھقانلار ئۆيۈشمىسى-
نىڭ ئەزالىرىنى پۈتۈنلەي زەھەرلەپ ئولتۇرمەكچى
بولۇپتۇ، -دەپ ئوتتى. يەنە ھەلىقى ئۇرۇق، پاكار كىشى-
نى كورسۇتۇپ:

- بۇ يەنشى سەنسەيىارە خىزمەت ئوتەيدىغانلىك جاسۇسى،
ئۇ بىزنىڭ يەزىمىزغا ئالتى - يەتتە قېتىم كەلگەن.
ھەممىمىز سەزمەپتىكەنمىز، بىزنىڭ بۇزۇقلاردىن ساقلىنىش
خىزمىتىمىز ناھايىتى ناچار بولدى! - دىدى. بۇنى ئاڭ-
لىغان كىشىلەر ئاچچىقلىرىدا ھەر ياغزا تىللىشىپ:
«ئىلاننى ئۇرۇپ ئولتۇرمىسەڭ ئىلان ئۆزەڭنى ئول-
تۇرۇدۇ!» - دېيىشتى. بەزى ياشلار ئەتىلىپ بېرىپ
ئۇرماقچى بولغىنىدا جاۋجىڭ جۇي ئۇلارنى توساپ ئە-
ليپ: «بۇلارنى ئۇرۇپ ئولتۇرۇش ياريمايدۇ، ھوكۇمەت-
كە تاپشۇرۇپ بېرەيلى! بۇلار چوڭ جىنايەتچىلەر»
- دىدى.

ئوتكەن يىلى سالا قىلىشقان ھەلىقى بىر نەچچە
قەرىلارمۇ: «ھەي! ئىشتىنىڭ پالىسىنىڭ كوڭلىدە بۇنە
داق زەھەرلىك قەستبارلىقىنى ھەقىقەتەن ئويلىمىغان
ئىكەنمىز!» - دېيىشتى.

كۈنمۇ كوتۇرۇلۇپ چىقتى. 4 ئەسكەر خوڭخوجۇ
بىلەن ھەلىقى ئۇرۇق پاكار ئادەمنى رايون ئىدارىسى-
گە ئېلىپ كەتتى.

(1946 - يىلى ئاۋغۇستتا يەزىلغان)

پەيزۇللا رەخمانى تەرجىمىسى

www.azizisa.org

# تینیچلیق كۈیچیسی پابلونیرودا

چیلی - تینیچ ئوكیئان قیرغیغیدیكی ئۇزۇن سوزۇلغان بیر یەر. بۇ - ئالتی میللیون خەلیقتە ئەگەشكە بولغان كیچیككینە بیر مەملیكەت. ئۇنۇڭ كوپ قسمی هوسۇلسیز تاغلاردین ئیبارەت. بۇ، تاغلاردا چیلینیڭ بایلیغی: دالالاردا سیلیترا، تاغلاردا - جەز جایلاشقان. لەكین بۇ بایلیق چیلی خەلقی ئۈچۈن بیر قەهیرلیك نەرسە بولۇپ، ئۇلارنیڭ ئەغیر تورمۇشینیڭ سەۋەپچیسیدۇر: سیلیترا هەم جەز ئامەریكا كاپیتالیستلیری تەرپیدین تالینیپ كەلدی ۋە هازیرمۇ تالانماقتا. ئۇ باسقۇنچیلار چیلیدا خۇددی ئۆزلیرینی خوجاییندەك تۇتۇدۇ. ئۇلارنیڭ هەممە ئیشیگە یەرلیك ئاق سوڭەك ۋە پومیشچیكلار گۇروهی یار - یۆلەك، خەلیق - خاكچیلار، دەهقانلار، باتراقلار، یوقسۇللار ۋە بېلیقچیلار - ئاچ - یالاڭغاچ قاراڭغۇدا هایات كەچۈرمەكتە، خاكلاردا ۋە مەهبۇسلار لاگەرلیریدا ئولمەكتە.

1904 - ژیلی چیلیدا هازیرقی زاماننیڭ ئەڭ زور شائیرلیریدین بولغان پابلونیرودا دۇنیاغا كەلدی. ئۇ، كیچیك ۋاقیتلیریدین تارتیپلا خەلیقنیڭ ئەغیر هایاتینی كوردی ۋە ئۇنۇڭغا ئیچیندی.

پابلونیرودا كوپ سایاهەت قیلدی. ئۇ، یاپونییە، هیندیستان ۋە هیندونیزیالەردە بولدی ۋە شۇیەرلەردیكی خەلیقلەرنیڭ نامرات هایاتینی - ئاچار چیلیكی ۋە قاراڭغۇچیلیغینی كوردی.

نیرودا بیر نەچچە ۋاقیت مادریتدا یاشیدی. ئۇ، ئیسپانییادا گینیرال فرانكونیڭ ئیسپانیینی كوردی. ئۇ فاشیزمنیڭ هایۋانلارچە یۈزینی، هیمایەچیسیز مەركەزنیڭ بومبا ۋە ئوقتا تۇتۇلۇشینی، كوچیلاردا توكۇلگەن گودەكلەرنیڭ قەنینی كوردی.

ئیسپانییا سوقۇشی شائیرنیڭ كەلەچەك هایات یولینی بەلگۈلیگەن ئیدی. شائیر ئۆزینیڭ «ئیسپانییا یۈرۈكۈمدە» دیگەن كیتاۋیدا فاشیزمغا نەپرەت ئوقۇپ، فاشیزم بیلەن قانلیق كورەش قیلیۋاتقان باتۇر ئیسپان خەلقینیڭ شەئنیگە مەدهییە ئوقۇیدۇ. شائیر ئۆز ۋەتینیگە قایتیپ كەلگەندین كەیین چیلی كوممۇنیستلار پارتییاسیغا ئەزا بولۇپ كیردی.

پابلونیرودا، سوتسیالیزم جەمئییتیدە بولۇۋاتقان ئۆزگۈرۈشلەرنی ناهایتی قیزیقیش بیلەن كورەتتی ۋە ئاجایپ سوۋەت شائیری مایاكوۋسكینی چین مۇهەببەت بیلەن سویدی. پابلونیرودا سوۋەت ۋەتەن ئۇرۇشینیڭ بیرینچی كۈنیدین باشلاپلا سوۋەتلەر ئیتتیپاقینیڭ تەغدیری پۈتۈن ئیسانییەتنیڭ ۋە تینیچلیق تەغدیری بیلەن بیر ئەكەنلیكینی ئوبدان چۈشەنگەن ئیدی. ستالینگراد سوقۇشنیڭ باشلینیش دەۋریدە شائیر ئۆزینیڭ «ستالینگرادقا مۇهەببەت شیئیرلیری» دیگەن شیئیرینی یازدی. بۇ نەرسەلەرنی شائیر شۇ ۋاقیتتا ئۆزی یاشیغان مەكسیكا مەركەزینیڭ تاملیریغا چاپلیدی.

سوقۇش باشلاندی. دۇنیانیڭ باشقا خەلیقلیری بیلەن بیللە چیلی خەلقیمۇ ئۆزینیڭ ئۈمیدینی تینیچلیق ۋە فاشیزمنی تارمار قیلیش ئۈمیدی بیلەن باغلیدی. پارتییانیڭ ئادەتتیكی سایلاملیریدا سولچیلار كوپ ئاۋازغا ئەگە بولۇدۇ. سیلیترا كانلیریدیكی كانچیلیری ئۆزینیڭ سۈیۈملۈك شائیرینی سیناتقا سایلیدی. چیلیدا دەڭیز ئاستیلیریغا جایلاشقان خاكلار بار. خاكچیلار خاكدا خیزمەت ئورنیغا بیریش ئۈچۈن خاكنیڭ ئاغزیدین 4 سائەت مەڭیش كیرەك. دەمەك خاك ئاستیغا كیریپ چیقیش ئۈچۈن پەقەت یولغا 8 سائەت كەتیدۇ. بۇ 8 سائەت ئۈچۈن هەق تولەنمەیدۇ.

سولچیلار كاندیداتی گون سالوس ۋیدیلا پریزدەنتلیققا سایلاندی. ئۇ هاكیمیەتكە كەلیش بیلەن ئۆز سایلامچیلیریغا خیلاپلیق قیلیشقا باشلیدی. ئۇ ئامەریكا مانا پولیتیكاچیلیریغا سەتیلیپ هوكۈمەت ئاپپاراتیدین كوممۇنیستلارنی قوغلاپ، نامایشچیلارنی ئەتیپ، تورمیلەرنی مەهبۇسلار بیلەن تولدۇردی. نیرودا دیكتاتورغا قارشی ئۆزینیڭ «میللیون خەلیقلەرگە ئوچۇق خەت» دیگەن شیئیرینی یازدی ۋە سیناتتا زور دوكلاد بەردی. ۋیدیلا شائیرنی پۈتۈن هوقۇقلاردین مەهرۇم قیلیپ سوتقا بەردی. نیرودا شۇۋاقیتتا ئۆزینیڭ ئەڭ زور میهنیتی بولغان ۋە بۇ ئستور نەشیر ئەتیلگەن «ئومۇمی ناخشا» دیگەن كیتاۋینی یازدی. شۇندین كەیین شائیر یوشۇرۇن هایات كەچۈرۈشكە ۋە چەت كیشیلەرنیڭ ئیسیملیری بیلەن ژۇرۇشكە ۋە ئاخیری قوغلاندی بولۇشقا مەجبۇر بولدی.

ۋیدیلا ۋە ئۇنۇڭ شیمالی ئامەریكیلیق خوجاییندیلیرینیڭ نیرودا بولغان بۇ قارشیلیغی یالغۇز شائیرنیڭ سیاسی دوكلاتلیرینیڭ نەتیجیسیدیلا كەلیپ چیقـ

www.azizisa.org

...لەتنى ، بەلكى ئۇنىڭ تىنچلىق ئۈچۈن بولغان كۆرۈشى ...ۈرۈش ئوتىنى ياققۇچىلارنىڭ سىرىنى پاش قىلىشى - ...پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ كۈچى ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى-...نىڭ قۇدرىتىگە بولغان ئىشەنچىسى نەتىجىسىدىلا بار-...لىقتا كەلدى . تىنچلىق ئۈچۈن بولغان پۈتۈن كون-...گرېسلارنىڭ قاتناشچىسى پۈتۈن دۇنيا تىنچلىق كېڭى-...شىنىڭ ئەزاسى پابلو نېرودا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىجادى ...ئازادلىقىنىڭ ئۇلۇغ ئىدىيەلىرىنى ھەقىقەت ئۈچۈن ...بېغىشلىدى . ئۇ ، ھېچقاچان ئۆزىنىڭ داڭلىق « ئور-مانچى ئويغۇندۇ ! » دېگەن پوئېمىسىدەك سىياسى ئۆتكۈرلۈك بىلەن سۆزلىمىگەن ئىدى . بۇ پوئېما ۋار-شاۋا كونگرېسىدا تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېگە بولۇپ دۇنيانىڭ ئونلىغان تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ، بۇ پوئې-مىدا ئافتور سوقۇشتىن كېيىن ئۆز ۋەتىنىگە يېنىپ كەل-گەن سولداتقا مۇراجىئەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۇ ئەمەلىي سىترىت ئىمپېرىيالىستلىرى ئامېرىكىنى نېمىگە ئاي-لاندۇرۇۋەتكەنلىكىنى ، نېگىر ۋە لاتىن ئامېرىكى-سى ھەم ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ خەلقلىرىنى قانداق ئەزگەنلىكلىرىنى ، گرېتسىيەدە ھەم جۇڭگودا سو-قۇشنى قانداق ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . شائىر زاۋۇت ۋە كىتاب ۋەتىنى بولغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھەققىدە سۆزلەيدۇ .

بۇ ۋەتەن مۇقەددەس ۋەتەن ، دۇنيا خەلقى ئۇ ۋەتەنگە ھۇجۇم قىلىشقا يول قويمايدۇ . پابلو نېرودا ئامېرىكا سولداتىغا قارىتىپ شۇنداق دەيدۇ : ئۇ سول-داتنى شۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ : پۈتۈن خەلق ، پۈتۈن ئاددى ئادەملەر ، پۈتۈن مەملىكەتلەر ، ھەتتا يەر يەر ، كىم سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى قول كۆ-تەرسە شۇنىڭغا قارشى باش كۆتۈرىدۇ .

پابلو نېرودا بۈگۈنى قاچقۇن . ئىمپېرىيالىستلار ئۇنى كۆرەلمەيدۇ . ئۇنىڭغا ۋە ئۇ مۇھەببەت بىلەن كۈيلىگەن تىنچلىققا ئۇلار دۈشمەن بولماقتا . دۇنيا-دىكى تىنچلىق پەرۋەر ئادەملەر ئۇنى ، ئۆزلىرى-نىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك پەرزەندى ۋە شائىرى ، ھەقىقەت-نى كۈيلىگۈچى دەپ بىلىدۇ .

---

# ئورمانچى ئويغۇندۇ ! *)

پابلو نېرودا

سولدات ، فرانسىيانىڭ ئەزىز يېرىگە
قەدەم قويماقتا قىلمىغىن خىيال !
ئۇ يەردىمۇ سېنى كۈتۈپ ئالىمىز ،
ساڭا ئۇ يەردە ، ئۈزۈم باغچىسى
ئاچچىق زەھەر بەرگۈسى دەرھال .
ئۆلگەن نېمىسلارنىڭ قانلىرى تېخى -
سىڭمىگەن يەرلەرگە ئاپىرىپ سېنى
تاشلايدۇ نامرات سەھرا قىزلىرى .
ساڭا نالايىق : ئىسپان سېرىنىڭ —
زەيسىز ساپىسىگە كىرىشنى ئويلاش .
ئۇندا ئوت بولۇپ يانىدۇ ھەر تاش .
مەن بىلەن ئۇزۇن يىل كۆرەش قىلىدۇ
ئۇندا مەرت جەڭچى كۆرسىتىپ بەرداش .
ئۆلۈمگە جاڭگىلىدا ئادىشىپ ژۈرمە ،
ئاكلۇخاماغا ياتالمايسەن سەن .
گرېتسىيە يېرىگە كىرىمەن دېمە ،
ئۆلگەن مەرت قانلار ساڭا قارشى
باش كۆتۈرىدۇ ، بۈگۈن ئۇ يەردە .
توكو پولدا بەلىڭ ئۆتىمەن دېمە ،
بەلىڭ خەنجەر بولۇپ جايلايدۇ سېنى .
ئارا ئۇ كاندا قارا تەنلىك خاڭچى يىگىت
ھالاك قىلماقتا يەڭگى باسقۇنچىنى
سۇغۇرۇپ ئالىدۇ يەر تەگىدىن
بىر باغلام قەدىمقى ساداق ئوقىنى .
گايوچى كۈيلىگەندە « ۋىتالىيو تانى »
دۇنيۇڭغا يېقىن بارمىغىن ھەرگىز !
قىچقارما ئىشچىلارنى مۇز خانىلاردىن
قارشى ئالار سېنى
چاقناپ غەزەپ ئوتىدا ھەر كۆز .
ۋېنوتسىيا ئالىيقلار مۇشتۇملار تۈگۈپ .
بىر قولىدا قايناق نەفىت

---

* بۇ پوئېما خەلىق ئارا تىنچلىق لاگورىياتىسىغا ئېگە بولغان .

www.azizisa.org

يەنە بىر يەردە مۇڭلۇق گىتار بىلەن
ھە، سىنى ئايدۇ كۆتۈپ،
مىلتىقىنى لىمانلار قوچقان،
ياۋايى سىلۋا قوچىقىدا
ئۇخلىماقتا ئەنە ساندىنو .
يام-غۇرلار ژۇيۇپ ۋە تىككەن ئۇنىڭ يۈزىدە
قالمىغان ھېچبىر قورۇق ئىزىمۇ .
ئۇنىڭ دەھشەتلىك جاراھىتى
بۈگۈن خۇددى شۇ ئولگەندىكىدەك .
گويا چۈشىگە ۋالىلدىغان خەنجەر كىرگەندەك.
ئۇنىڭ قەلبى ئىسسىق
گويا پورتو ريكونىڭكىدەك .
دۇنيا ئۈچۈن سەن يات بىر نەمە
كىشى ياتماس ئاراللار ئەمەس،
ھەتتا قارغىش قەبىي بورانلارمۇ
سىنى بۈگۈن راسا قاغايدۇ .
زادى مۇنداق قىلالمايسەن،
ھە، ئورمانچى ئويغۇنۇدۇ!
قولىدا پالتا ھەم ياغاچ قەدەھ كوتۈرۈپ
لىنكول كەملەر يەنە دەرەخلارنىڭ دەستىخىنىغا،
مەن كورۇۋاتىمەن،
ياغاچ غوللىرىدا ئۇنىڭ بەسىشىنى .
دوپلار پوستى ۋە تاختىلار يۈزىدە
كورۇۋاتىمەن ئوتتا يانغان كوزىنى .
خوش، ۋېرگىل قارغايلىرىنمۇ
ئەگىز كوتۈرۈلۈپ ئۇ بىزگە باقسۇن!
يەنە ئاۋرام لىنكول بىزگە قايتسۇن!
ئۇ، ئېتىكىدىن دۇرلار ئەلىپ،
ماشىنىدا ئولتۇرۇ تامباغا كەتسۇن .
مەۋىلەر يەپ بىز بىلەن بىللە،
بىز بىلە بىللە كىنوغا بارسۇن!
ئۇ يەنە ئاددى ئادەملەر بىلەن
خۇددى بۇرۇنقىدەك پاراڭغا چۈشسۇن .
ئورمانچى ئويغۇنۇدۇ
بىزگە ئاۋرام قايتسۇن!
كونا يوللار ئىلىسى بوستانلىقا
ئالتۇن دالا قىرلىرىغا كوتەرسۇن ئۇنى .
ئۇرسۇن - ئۇرسۇن ئۇ ئوزىنىڭ ئوتكور پالتىسىنى
قۇل ئەگىلىرىنىڭ ئۇزۇق - پوستىغا،
ئۇرسۇن، نەشرىياتنىڭ زەھەر تىلىغا،
ئۇرسۇن، تەنلەرنى تىلغان قامچىغا،
ئۇرسۇن قانلىق سودىغا!
قوچاغلىشىپ ئاق تەنلىك ژىگىت
قارا تەنلىك ژىگىت بىلەن،
نەپرەتنىڭ مۇدھىش دەللالى
ۋە ئالتۇندىن تىكلەنگەن تاملارغا
ھۇجۇم قىلسۇن
غەلىبە تاختىسى ۋە ئۈمىت بىلەن
تىنچلىق تىلەيمەن كەچكى شەپەقتە
قانلىق دولقۇنلانغان جاھاننى،
مۇھەببەتنى كۆيلىگەن قوشاقلار بىلەن،
ھەر جايدا مەنى كوتكەن
ئەنە شۇ ئەرىن ئۇۋالارغا
تىنچلىق تىلەيمەن، ئارام تىلەيمەن .
تىنچلىق تىلەيمەن، دەريالار ئاقىسى
ئۇلۇق دەريا ئاقىسى - مىسسىسىپىدە
مەن كىتتا تىين يۇزدەيمەن ۋەي
ۋە ئۇ كاممىنىڭ كوينىكىگە .
تىنچلىق تىلەپ كىتاپلارغا بېسىلسۇن نامە،
تىنچلىق تىلەيمەن
ژىراق كىيەق سەھرانىڭ كولخوزلىرىغا
ئىستەيمەن تىنچلىق: ھەر يەردە ياتقان
مەرھۇملارنىڭ توپراقلىرىغا
ۋە پوچتالىيونىنىڭ سومكىسىغا .
ئوسۇلچى ئۈچۈنمۇ تىنچلىق تىلەيمەن،
ئۇ، مەجنۇن قال بىلەن بەس - بەسكە چۈشسۇن.
ئۆزەمنىڭ ئوتلۇق قىراۋمغا شۇنى ئىستەيمەن
(ئۇ، روسارىئو - دەپ يەزىشقا زوقەن).
تىنچلىق تىلەيمەن
جاڭگاللاردا مۇكۇپ ژۇرگەن
ئولۇۋا قويمىسىدەك بولىۋىلىقا .
تىنچلىق تىلەيمەن،
ھە. قىز، سىنىڭ تىنىچ توي قىلىشىڭغا
ۋە بىشۇر بىشور ئورمانچىسىغا.
تىنچلىق تىلەيمەن
غەزەپلەنگەن ئىسپانىيەگە.
تىنچلىق تىلەيمەن
ئېيدەك بىلەن زورەك چەكىلگەن ياستۇقى بار
ئومىنگىدىكى كىچىك موزەيگە.
تىنچلىق تىلەيمەن ئەنە شۇلارغا
تىنچلىق تىلەيمەن،

www.azizisa.org

ئاۋاي ۋە ئۆتۈك ساپ مۇھەببىتىگە.
كەڭ ئېكىنزار، ئاپپاق ئۈن ئۈچۈن
ۋە ئەتە تورەلگۈسى بۇغداي بېخىغا
جىمەنزار قوينىدىكى مۇھەببەت ئۈچۈن
كۆيۈنىمەن تىنىچلىق تىلەپ.
پۈتۈن ھايات ـ جاۋار ۋە ئىنسان
پۈتۈن يەر ۋە سۇلار ئۈچۈن
تىنىچلىق، تىنىچلىق دەپ
پۈتۈن ئاۋازىم بىلەن قىلىمەن تەلەپ.
ـ لەر بىلەن خوشلۇشۇپ دوسلار
خالايمەن، ماكانىغا قايتىپ كېتىشنى،
مەن تېخى خىيالىمدا پاتاگونىيەدە،
ئۇ يەردە بورانلار ئۇرۇدۇ قىرغاقتا،
ئوكيان مۇز پارچىلىرىنى ئاتىدۇ ھەر ياقتا.
ھە، مەن ئاددى شائىر، ھەممىنى سۆيىمەن.
يىراق، ھە قەيەردە تەنەپ زۇرۇيمەن.
راستىن سۆيۈملۈك مەن ئۈچۈن ھايات.
ئاغچىلار يۇرتى بولغان بىزنىڭ ۋەتەندە
خەلقىمنى زىندانلارغا ئېتىپ
تەقدىر بىلەن ئوينايدۇ سەلدات.
شۇنداق بولسىمۇ سۆيىمەن مەن
ئوزەمنىڭ كىچىككىنە، سوغاق،
لېكىن سۆيۈملۈك ئەزىز ئۆلكەمنى.
ھەتتا
يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن تومۇر يېغىچە

ئەگەر ماڭا جەڭلەر قىلىپ
يۈز مەرتەۋە ئۆلۈش توغرى كەلسە
تىلەيمەن شۇ ئۆلكەمدە ئۆلۈشنى.
ئەگەر يۈز مەرتەۋە تۇغۇلۇش توغرى كەلسە،
تىلەيمەن شۇ ئۆلكەمدە تۇغۇلۇشنى.
ئارا ئوكادىنىڭ ياۋايى جاڭگاللىرىدا
جەنۇپ بورانىنىڭ ۋىكىلداشلىرى
ۋە يېڭى ئېلىنغان بۇ، گۇغۇراقنىڭ
جاراڭلىق ئاۋازى ئاستىدا
ئويلىماڭلار مېنىڭ ھەققىمدە،
ئويلايلى ھەممىمىز دۇنيا ھەققىدە.

مەن، بىزلەرنىڭ سازلىرىمىزنىڭ
پۇچاق ۋە نانلىرىمىزنىڭ
خالىمايمەن بويىلىشىنى يەنە قانغا.
مەن ئاغچى زىگىت ۋە ئادۋاكات،
ماتروس، ئاددى قىز ۋە قاچاقچى ئىستام بىلەن
بېرىشنى تىلەيمەن كىنو ـ ئويۇنغا.
ۋە ئۇندىن كېيىن قىزىل مەي قويۇپ
پارچىمىز قەدەھلەر كوتەرسەك دەيمەن،
ناخشا ئېيتىشقا كەلگەن مەن بۇ جاھانغا
كەل، سەنمۇ ئېيت، قوشۇلۇپ مېنىڭ ناخشامغا.

خ. ھوسەيىنى تەرجىمىسى.

www.azizisa.org

**ئابلىز نازىرى**

# خــۋالىخە دولقــۇنــى

«... جۇڭگو خەلىق پەدائى قىسىملىرى ئامەرىكا ئەجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنىڭ قىرغىنلىقلىرىغا ئۇچراۋاتقان چاۋشەن بالىلىرىنى قۇتقازماقتا ......»

( گەزىت خەۋىرى )

ئولۇم ئازابىدا چىقىرغان ئۈنلەر
كوكلەرگە كوتۇرۇلدى ئوتلار بىلەن تەڭ.
ئىسسىق ئانا قۇچىغىدا ياتقان بالىنى
قورقۇتماقتا غالجىر بىر لەھەڭ.
تىرومىن باشلىغان ۋەھشى قوزغۇنلار
چاۋشەننى كويدۇرمەكتە ئوتلارنى چەچىپ.
كوز ئۇيىدە ئەنتىرمەكتە كىچىك بالىلار،
ۋىغلاشماقتا قۇتۇلالماي شۇ ئوتتىن قەچىپ...

خەنچىگىدا بولۇۋاتقان بالايى - ئەزىمگە
بىزنىڭ زۇرە كمۇ سىقىرايدۇ
قەرىنداش بولغۇنىمىز ئۇچۇن.
خەنجاگدا ئاقسا بەھۇدە قانلار
ھەقلىق خۋالى خەمىز ئورۇشتا دولقۇن.
شوڭا ئەڭ ياخشى ئوغلانلار كەتتى
چاۋشەنگە،
چاۋشەنلىككە تىلەكداش بولۇپ.
قالمىسۇن دىدۇق دەشلەردە ئانا،
ئوتلاردا بالا
كوز ياشلار توكۇپ...
چىن ئادەملىك قەز ئۇچۇن
پىدائى بولدۇق
پىدا قىلدۇق جانلارنى.
پۈتلىكا شاگلا ئەمەس،
جىمىقتۇرۇپ قويماقچىمىز
قۇترىغان ھايۋانلارنى.

شۇنداق بىر كۈنى بىزنىڭ ئادەملەر
تاغ باغرىدا ياتاتتى يەرنى بەغىرداپ.
بىر چاغ،
يەقىن يەزىدىن - ئوتلار ئىچىدىن
پەرياد ئوردى گودەك چىقىراپ.

ئەنە پاكار ئاملار ئورۇلۇپ چوشتى،
بوسوغىلار كوتۇرۇلدى ئاسمان پەلەككە.
يانغىن ئوراپ ئالدى گودەك بالىنى...
ئاھ!... ئوتتەك قانلار ژۇگەدى
ئادىمى ژۇرەككە..
ژۇگورۇپ كەتتى ئۇنلار ئىچىگە،
بىزنىڭ قەلقاس بىر ژىگىتىمىز.
ئۇ، بىردەم ياتاتتى يەرنى بەغىرداپ،
يەنە ژۇگرەتتى بولۇپ سابىرسىز.
ئۇنۇڭ يەنىدا يەرىلاتتى
ئولۇمنى تىمىزقاپ چۇشكەن دىمىلار.
ئۇنى كومۇپ تاشلاتتى
ئىسلار ئارلاش ئاچچىق توپىلار.
ھەربىر چۇشكەن ئەجەل دىمىسىدىن

ئۇ، قىلىپ تۇربۇمىدى ھەزەر.
جان ئاچچىغىدا چىقىراپ گودەك
چونكى، «مەنى قۇتقۇزۇڭلار!...» دەر.

-«رەھمەت سىلەرگە مىڭ قىتىم رەھمەت!
رەھمەت سىلەرگە پۈتۈن چاۋشەنلىكتىن.
رەھمەت سىلەرگە - چىن ئادەملەرگە
سىلە ھايات بەرگەن مۇشۇ گودەكتىن...»-
دىدى - دە، بوۋاي يەشىنى سۇرتۇپ،
ھىلىقى ژىگىتىمىزنى سويدى قۇچاغلاپ.
گودەك قارايدۇ ئۇيى ئەرەپكە:
يەزا كويەر ھامان لاۋۇلداپ...

خەنچىگدا بولۇۋاتقان بالايى - ئەزىمگە
بىزنىڭ زۇرەكمۇ سىقىرايدۇ
قەرىنداش بولغۇنىمىز ئۇچۇن.
خەنجاگدا ئاقسا بەھۇدە قانلار
ھەقلىق خۋالى خەمىز ئورۇشتا دولقۇن...

www.azizisa.org

غەنىزات غەيۇرانى

# شائىر

ئولتۇرار بىر يىگىت ئۆزى ياشقىنا
تەۋرىتىپ قەغەزگە مەغرۇر قەلەمنى،
ماگىدۇ قەلىمى توختىماي چەكسىز
توكۇدۇ ئوتمۇشتىكى قايغۇ ئەلەمنى.

ەي دۇنيا! ۋاپاسىز قاپقارا جاھان
ۇرمۇدۇك ئىنساننى بارا - بەر تەكىز،
يىلدى ھاياتنىڭ يەتمەي مىراتقا
ئىنقىلاپ ئۆتكەنتى قانچە ئوغۇل - قىز.

قانچە قارا كۈنلەر ئۆتكۈزدۈك تارىخ!
تۇرانتى ئالدىغا زىندانلار گويا،
زىنداندىن ئاققان ئۇ مەئسۇملارنىڭ قېنى.
ئۆتەتتى ئالدىدىن ياساپ چوڭ دەريا.

ەي فاكت ئوتمۇشنىڭ گۇۋاسى تارىخ!
ۈزلىكىن ئوتمۇشۇڭنى قىلچە يوشۇرما،
ۋلىسام سەسكىنەر، دەھشەتلىنەر دىل
ىيىك ئاچ ئالدىمدا، ھەرگىز قاچۇرما.

ياسىدىڭ تۈزلەڭگە نەچچە خىل دوڭلۈك
بىگۇنا يوقسۇلنىڭ ئۇستىخىنىدىن،
ياسالدى خانلارغا «شىرىن» شاراپلار
باشلىرى كېسىلگەن نامرات تېنىدىن.

ئېسىمدە، خانلارنىڭ ھەۋىسى ئۈچۈن
كېسىلگەن مىللىيونلاپ گۇناسىز باشلار،
ۋەھشىلەر غۇلىچى كېرىلگەن زامان
نالىدا ئادايدىن ئاققان قان - ياشلار.

يازدۇردى يوقسۇلنىڭ قېنىغا چىلاپ
خانلارنىڭ، بەگلەرنىڭ «يۈكسەك» تىلىكى،
«شەرەپلەر»نى توقۇلدى بېگىم ئۈستىگە
قەلەم ئەمدى گادايىنىڭ بەقىن سۆڭىكى.

بېگىمنىڭ ھەر كېچە ھوزۇرى ئۈچۈن
توكۈلگەن ساناقسىز قىزلار نامۇسى،
بىچارە دېھقاننىڭ قىزى زارىدىن
قاندى زالىمنىڭ ئېلەك ئارزۇسى.

بىر توغاچ نان ئۈچۈن راز بولسا يوقسۇل
بېگىمنىڭ ئالدىدا ھەسەل، قەنت چايلار،
ئۆتەتتى بۇ ھايات خورلۇق بىلەن تەڭ
ئېسىمدىدۇ مۇنداق تارىخ يىللار ۋە ئايلار.

ئەمدى بىلسەڭ ئەمدى ئەي تارىخ!..
دۇنيانى ياراتقان يوقسۇلنىڭ قولى،
بۇ قول بۈيۈك قول، بەك قۇدرەتلىك قول
ئەچىلماقتا كۈن سايىن بۇ قولنىڭ يولى».

www.azizisa.org

# ئاق چاچلىق قىز

## ئىككىنچى پەردە

### 1 — كورۇنۇش

(بەشى ژۇرنىلىمىزنىڭ 3 - سانىدا)

(ۋاقىت - ھېيت كۈنى. يومىششىڭ خۇاڭشىرېننىڭ ئانىسىنىڭ ئىبادەتخانىسى. شاملار يەتىلغان يەقىلغان نوكچىلارنىڭ ئىسلىرى پۇراپ تۇرۇدۇ. خۇاڭمو نوكچىلارنى يەقىپ تۇرغان ھالدا)

خۇاڭمو: تۈنۈگۈن خۇاڭشىرېننىڭ ئەيتىشىچە، ئوتاقچى يالغەبىلۇ قىزىنى بىزگە ئەكىلىپ بېرىپ، ئەچچە ئون ژىللىق قەرزىنى ئادا قىلدۇ دىگەن ئىدى. نەمە ئىش بولدى، ئۇ قىز نەمىشكە شۇچاغىچە كەلىپ ماڭا كورۇنۇش قىلمايدۇ! (ناخشا)

ئويۇمگە بەخىت ۋە ئۇزۇن ئومۇر تىلەيمەن ھەيتتا.
ئۇرۇق-ئەۋلادىم ياخشى ئوتكەن، ئوزەڭسا قىلغىن خۇدا.
نوكچا يەقىپ ئىبادەتخانىنى يورۇتتۇم
خۇدا، ئىخلاس بىلەن باش قويۇمەنسا ئاڭا ئۈچ تەتىم.
ئاۋىلەن خۇدا، نوكچىنى ياقتىم سەن ئۈچۈن،
ئىجارىنى كوپ يىغىپ بەشىمىزغا سەن كەپىل بولغۇن!
ئىككىنچى يەنە سەن ئۈچۈن ياقىمەن خۇدا.
كەپىل بول دائىم بەخىتلىك بولىشىمىزغا.
ئۈچۈنچىسىنىۇ خۇدا يەنە ياقتىم سەن ئۈچۈن
كەپىل بول ئادەملىرىمىزنىڭ كوپىيىشى ئۈچۈن.

(ئىشىكتىن چىقىپ ئولتۇرۇدۇ)

خۇاڭمو: بۇ ژىل پۇل-پۇلغا دال بولىدى. بىر قىز ئەچچە ئون ژىللىق ئىجارە بەدىلىگە كەلدى. ئوتكەن ژىلى ئوبدان ئاراق ئىدى، خۇگىلو دىگەن قىزنى 8 كويچەنگە، يەنە بىر قىزنى 5 يېرىم كويچەنگە سېتىپ ئالغان ئىدۇق. بۇ ژىل نەمىلا بولمىسۇن ھەممىسى قىممەت! (مورىنجى شىيەرنى باشلاپ كىرىپ كەلىدۇ)

مو: شىيەر ماڭ! (ناخشا)

ئاجايىپ بىر قىز ئىكەنسەن.
ماڭمايسەنغۇ ئىشىكتىن كىرىپ.
ھەلىي خوجايىن كورۇدۇ سەنى.
نەمە سەن مۇنچالا قوشۇمىڭنى تۇرۇپ.
ھازىر سەنى كورۇدۇ خانىم
سەنىڭ تۇرغىن ھەلايىم.
ئوچۇغراق تۇرسىڭ چىرايىڭ.

(شىيەر قورقۇپ پىخىلداپ ژىغلايدۇ)

مو: ژىغلىما، خانىمنىڭ ئاچچىغى كەلسە، ھازىر يۈزۈڭنى ئوتاپ ئالىدو.

(مو شىيەرنى باشلاپ ئىشىكتىن كىرىدو). ھە، خانىم! يالغەبىلۇنىڭ قىزى ئوزلىرىگە پەتە قىلغىلى كەلدى.

خۇاڭمو: ھە، سىز لومۇما، ھە كىرىڭ-كىرىڭ! (مو قىزنى باشلاپ كىرىدۇ)

مو: (قىزغا قاراپ) خانىمغا باش قويغىن! (قىزنى ئىتتىرىپ تىزلاندۇرۇدۇ)

خۇاڭمو: ھە!... قوپە!

مو: (قىزنى تارتىپ) قوپە، خانىم سەنى كورۇدۇ.

خۇاڭمو: ھە... بالا يامان ئەمەس. بۇ ياققا ئورۇلۇپ قارىغىنا!

مو: (قىزنى ئىتتىرىپ) بۇ ياققا ھە! (قىزنى تارتىپ ئەكىلىدۇ)

خۇاڭمو: ھە، پۇت - قولى خەلى چاققان كورۇنۇدۇ. يەنە بىر قارىغىنا!

مو: بۇ ياققا كەل (قىزنى يەنە تارتىپ)

خۇاڭمو: قىز خەلى تەتىك. ئىسمىڭ نەمە؟

شىيەر:......

مو: خانىم بۇنىڭ ئىسمى شىيەر.

خۇاڭمو: شىيەر، ھە، ئوبدان ئىسىم. ئىش قىلىپ ئويىمىزگە ئايىغى ياراشسۇن، ئانچىۋالا ئوزگەرتىۋەتمەي. خوڭفۇ (قىزنىڭ ئىسمى)، خوڭلۇ (قىزنىڭ ئىسمى) لارنىڭ قاتارىغا قوشۇپ ئويۇشتا ئىسمىنىڭ ئالدىغا «خوڭ» دىگەننى قوشۇپ، خوڭشى دەپ ئاتايلى.

مو: (قىزغا قاراپ) خانىم ئوبدان ئات قويدى ساڭا

www.azizisa.org

رەھمەتدە! بۇ كۈندىن باشلاپ خۇڭشى دەپ قىيچقىرىمىز.

خۇاڭمو: بالا قانچە ياشقا كىرگەن؟

شيئەر: ......

مو: ئون يەتتە ياشقا.

خۇاڭمو: ھە... ئون يەتتە ياش. بۇ قىز خۇڭشۇغا قارىغاندا ياخشىراق. خۇڭشۇنۇ بەئەينى شەيتان. مايمۇن دىسە مايمۇن ئەمەس. ئادەم دىسە ئادەم ئەمەس. بۇ بالا ياخشى. قايتىپ بېرىپ خۇاڭشىرىنىڭغا ئېيتىڭ بۇ قىز مېنىڭ خىزمىتىمدە قالسۇن.

مو: ۋاھ، بۇ قىز تەخى جاۋاپمۇ بەرمەيدىغۇ!

خۇاڭمو: ھەي، بۇ قىز كەمبەغەل ئۆيدە ئۆسكەن. بۇنىڭ ئانىسى بۇنى قەتتىي-سوقۇندى قىلىۋەتكەن. يەي دىسە يوق، كىيەي دىسە يوق. خۇڭشى، بۈگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ ئۆيدە ياخشى يەپ، ياخشى كىيىي

شيئەر: سەن. شۇنى خالامسەن!

مو: خالايمەن دىگىن! سەن بەختلىك يەرگە كەلدىڭ.

خۇاڭمو: قاراڭ. بۇ قىزنىڭ كىيىگەنلىرى خۇددى قەلەندەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ. لومو، جاڭ ئەرشىننى قىچقىرىڭ. ئۆيىمىزگە كەلگەن بۇ قىزنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ، يېڭى چاپان-كۆينەكلەرنى كىيدۈرۈپ، قوسىغىغا يەيىشكە بوغۇساق بەرسۇن.

مو: (سەھنىنىڭ كەينىگە قاراپ) داشىڭ. خانىم. جاڭ ئەرشىينى قىيچقىرىڭ خۇڭشىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلەپ، قوسىغىغا بوغۇساق بەرسۇن دەگىلى دەيدۇ. (ئىچكىرىدىن) ئاۋاز: خوپ، بولىدۇ. يەزىدىكىلەر خانىمنىڭ ئۆيىگە پەتەگە كەلىۋاتىدۇ.

خۇاڭمو: ئوھ! (ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزغا قاراپ) خۇڭشى، ھازىر كىچىك ئاناڭ كەلىپ كىيىملىرىڭنى يەڭگۈشلەيتىپ، سەنى بەزى ئىش — پىشكەتەيىنلەيدۇ. (ئىشىكتىن چىقىپ) ھەي! ئادەم كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنىڭ ئالدىدا دىيانەتلىك بولسا. ئامىن. بەخىت بەرگىن خۇدا. ئۆمرۈمنى ئۇزۇن قىلغايسەن! (خۇاڭمو، مورىنجى چىقىپ كېتىدۇ، يەردىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار: خانىمنىكىگە پەتىگە كەلدۇق «خوجايىنىنىكىگە پەتە ئوقۇغۇلى كەلدۇق»)

شيئەر: ۋاي دادام، جېنىم دادا.
ئاڭلىسام كىشىلەرنىڭ ئاۋازىنى.
چۈچۈيمەن، يەنە قورقۇم كېلىدۇ.
بۇ سۆزغا ئۈستىدە بۇ سۆزغا،
ئىشىك تېشىدا ئىشىك بار.
دادا دەپ توۋلىسام ئۈنۈم يەتمەيدۇ.
دادا، سەنى كۆرگەلى كىم ئۇزاتقاندۇ؟

(داشىڭ تەخسىدە بوغۇساق كۆتەرگەن، قىزنىڭ كىچىك ئانىسى دەپ ئاتالغان جاڭ ئەرشىن كىيىم-كېچەكلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ)

داشىڭ: ماناشۇ خۇڭشى دىگەن قىز. خۇڭشى، خۇڭشى بوغۇرساق يە!

جاڭ: قوسىقىڭ ئاچقاندۇ. بوغۇساق يە!

داشىڭ: جاققانىراق يە، مەن يەنە چىقىپ مېھمانلارنى كۈتىمەن.

شيئەر ...... (تەخسىنى ئۇرۇۋىدۇ)

داشىڭ: پاھ، قارا بۇنىڭ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغىنىنى. ھىممىتىڭ بېرىنچى كۈنى ئۆيگە كىرىپلا ھەلىتىن تەخسىنى يەرگە ئېتىۋاتىدۇ. مەن چىقىپ خانىمغا ئېيتىمەن.

جاڭ: داشىڭ، ھېچ ۋەقەسى يوق. خانىمنىڭ ھىممەت قىلىشى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن. خانىمنىڭ كۆڭلىنى خاپا قىلىپ قويمايلى. بۇ قىز تەخى يېڭى كەلدى، رەسىي قائىدىنى بىلمەيدۇ. بۇ قېتىم كەچۈرەيلى.

داشىڭ: ھەي بۇنداق قىزنى ... كۆرۈپ باقامىز قەنى مۇندىن كېيىن (چىقىپ كېتىدۇ)

جاڭ: خۇڭشى، مېنىڭ كەينىمدىن بېرىپ، كىيىم-كېچەكلىرىڭنى يەڭگۈشلەپ ئال. بۇ سېنىڭ ئۆزەڭنىڭ ئۆيىدەك يا ئانا-ئاناڭنىڭ ئالدىدا چالۋاقىغاندەك دومسىيىپ تۇرۇدىغان يەر ئەمەس. كىشىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن ئەدەپلىك بولۇش كېرەك. يۈرە، قورقما خۇڭشى. مەن سېنىڭ كىچىك ئاناڭ. مەن مۇشۇ ئۆيدە خىزمەت قىلىمەن. مۇندىن كېيىنكى كۈنلەر ئۇزۇن. سەن قىلالمايدىغان ئىشلارنى مەن ئۆگۈتىمەن. قانداق گەپ سۆزۈڭ بولسا ماڭا ئېيت! يۈر، كىيىم-كېچەكلىرىڭنى يەڭگۈشلەپ ئال. (چىقىپ كېتىدۇ)

## 2 - كۆرۈنۈش

ۋاقىت. بىر ئايدىن كېيىن. ئەرنى ۋاڭداشىڭنىڭ ئىشىك ئالدى. ۋاڭ داچۇڭ سەھنىگە كىرىدۇ.

داچۇڭ: (ناخشا)

www.azizisa.org

بىر ئاي بولدى ئانامنىڭ ئۆلگىنىگە
شېھەر خوجايىن ئۆيىدە ئاۋارە.
ئانامنىڭ كوز يېشى قۇرۇمايدۇ.
ئەغىر كۈندە قالدى ئۇ بىچارە.
ئوچ ئالسام دەيمەن، ئېچىنىمەن.
گويا ئازاپ ئوتىدا كۈيىمەن.
بابا شېھەرنى كورەي دەپ باردىم
يالاقچىلار كىيو ئۆزمىدى، ئاخىرى ياندىم
(يەرگە تىپىپ) بۇگۈن خوجايىننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئوغۇرلۇقچە شېھەرنى كورمەكچى بولسام مۇ ئىلاج تاپالمىدىم. خوجايىننىڭ يالاقچىلىرى كورۇپ قالدى ... داسو. باياقاپ يۈرۈپ، شېھەرنى ئېلىپ قېچىپ باشقا بىر ياققا كەتكەن دەۋاتىدۇ. بۇگۈن بولماي قالدى. شېھەرنى كورەي دىسەممۇ، كورەلمىدىم. ئۇنۇ گۈن جۇاڭ شى رېننىڭ ئادىمى كېلىپ قەرزىنى بەر دەپ مەنى قىستىدى. ئەگەر قەرزىنى بەرمەيدىغان بولساڭ، قازان قولۇ بىلىرىكنى ئېلىپ ئېشىكىگنى تاقاپ قويىمەن دەيدۇ. چاققان كەتمىسەم بولمايدىكەن بۇ يەردىن بۇگۈن مۇرىن جى يەنە كەلمىدۇ. ھەي! ...... (ئېشىكنى ئېچىپ كىرىدۇ) ئاپا! (ئادەم يوق) ئاپام جاۋداشۇنىڭ ئۆيىگە كەتكەن ئوخشايدۇ. قايتىپ كەلسە يەنە يىغلايدۇ ...... (داسو كىرىدۇ)

داسو: داچۇڭ!

داچۇڭ: كىم؟

داسو: مەن (ئويگە كىرىدۇ) ھەي. مۇرىن جى دىگەن تەرسا بىزنىڭ زۇرەك - باغرىمىزنى خۇن قىلۋەتتى. مۇرىن جى بايا بىزنىڭ ئويگە كېلىپ مەنىڭ يوقلىغىمدىن پايدىلىنىپ، بەش شىڭ قوناقنى ئېلىپ كەتتىپتۇ. ئويگە كەلسەم ئاپامنىڭ ھوش - كاللىسى يوق. ھەي، بۇ تەرسا بىر كۈن ئەمەس، بىر كۈن قولىمىزغا چۈشەر.

داچۇڭ: مەن ھېلى تېخى جۇاڭشى رېننىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلدىم. زادى ئەپلەشمەدى، شېھەرنى كورەلمىدىم. مۇرىن جى دىگەن تەرسا قازىنىكنى ئېلىپ ئويۇگگە ئۆلۈپ سېلىپ قويىمەن دەيدۇ.

داسو: نېمە؟ ئۇ تەرسا بۇ يەرگىمۇ كەلەمدۇ؟ (ئاسمانغا قاراپ) كەچ بولدى (ئۇنۇگغا قاراپ) ئاپاڭ بارمۇ، يوق؟

داچۇڭ: يوق.

داسو: مەنىڭچە بىز بۇگۈن ئاخشام مۇشۇ يەردىن كېتىپ دەردىمىزنى چېقىرىلى.

داچۇڭ: نېمە دەيسەن؟

داسو: سەل تۇرساق يەنە ھېلىقى تەرسا كەلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ...

داچۇڭ: (نەپرەت بىلەن) ئوھ، ئەگەر بىز كېتىدىغان بولساق، ئاپام بىلەن شېھەر خاراپ بولۇپ كېتەدۇ.

داسو: قورقما! كەچ بولدى. مۇرىن جى دىگەن تەرسا كەلسە، ئۇنى قولىمىزغا چۈشۈرۈپ، تاغنىڭ ئىچىگە ئاپىرىپ (قولىغىغا) بورىگە تاشلاپ بېرىمىز.

داچۇڭ: ياخشى. كەلسۇنچۇ بۇگۈن ئاخشام. ئەمدى ئۇ تەرسا!

(ئادەمنىڭ كېلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. داچۇڭ ئۆيىدىن بىر ئاغامچىنى ئېلىپ چىقىدۇ. مۇرىن جى دەلدۈگۈنۈپ مەس ھالدا كىرىدۇ)

مۇ: (ناخشا)

تەنىدەي. دىيەي.
خوتۇنىدەي، ياخشى پەي.
تەنىدەي، دىيەي قوللارنى سويمەيدۇ.
يالغۇز بايلا مەززە قىلىپ ئويناپدۇ.
ھا . . ھا .

داچۇڭ، داچۇڭ! سەن ھارىمى نېمىشكە كەتمىدىڭ، قازىنىكنى ماڭا بەر. ئېشىكىگنى تاقاپ قويىمەن ھارىمى.

(داچۇڭ خاپا ھالدا. گەپ قىلمايدۇ!)

مۇ: سەن ھارىمى مۇشۇ يەردە ئومرۇگنى ئوتكەزمەكچى. سەن ھارىمى تېخى پىتىكىدىن چۈشمەپسەن. سەن بۇگۈن ئوزەڭ خوجايىننىڭ ئېشىكىگە بېرىپ نېمەنى كورۇپ كەلدىڭ. تېخى سەن ئوزى كور قىلىدىغان ئاۋاق بىلەن قازان سۇيىنى ئېچمەكچى. دۇرۇس، سەن شېھەرنى ئوزەڭگە لايىق ئېيىپ ئالماقچى ئىدىڭ. بۇگۈنكى كۈندە شېھەر بىزنىڭ خوجايىننىڭ بولدى. ھە، مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، خوجايىن سېنىڭ بەتنىيە ئېلىپغىگنى بىلىدۇ. خوجايىن بىز گەداچۇڭنى كوزۇمدىن يوقۇتۇڭلار دىدى. بۇگۈن سەن ھارىمى ئويىنى ماڭا بېرىسەن. (مۇرىن جى گەپ قىلغانسىرى داچۇڭغا يېقىنلىشىدۇ. داچۇڭ جاۋاپ قايتۇرمايدۇ. مۇرىن جى تېخىمۇ يېقىنلاشقاندا داچۇڭ كەينىگە يانىدۇ) مەن ھارىمى ئەگە بار ئىتىڭ. سەن نېمىشكە گەپ قىلماي

www.azizisa.org

سەن-سەن نەگە بارماقچى؟ (داچوڭنى قىستايدۇ.
دەل شۇ چاغدا داسو مۇرىن جىنىڭ كەينىدىن يۈ-
گۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى كوتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇدۇ)

جاۋ: سەن كىم؟

داسو: ۋاقىرىما! (داچوڭغا قارايدۇ. داچوڭ دەرھال كەلىپ مۇرىن جىنىڭ ئاغزىنى ئەتىپ ئالىدۇ. مۇرىن جى تىپىرلايدۇ.)

داسو: ھەي ئەرسا! سەن ئەمدى گورىڭگە بەرىپ، شۇيەردىن قەرىز ژىغقىن. (مۇرىن جىنى ئورۇدۇ. خۇاڭفىڭ ئىككى لۈكچىگى كىرىپ كەلىدۇ)

لۈكچەكلەر: نەمە بولدى؟ (داچوڭ، داسو بىر قاراپىلا ئادەمنىڭ كەلگىنىنى كورۇپ قاچىدۇ. لەكىن تۇتولۇپ قالىدۇ. ئەمما داچوڭ غەيرەت قىلىپ لۈكچەكلەرنىڭ قولىدىن چىقىپ ئەچىپ كەتىدۇ.)

لۈكچەكلەر: (مۇنى يەردىن يولەپ قوپۇرۇپ) ھەي، مۇشەنسىن. نەمە بالا بولدى؟

مۇ: (دۇدۇقلاپ) لوسەن. لوسەن. ۋاڭدا! چوڭنى چاقتان توغلاپ تۇتقىن. (داسونى كورسۇتۇپ) ياخشى، داسو سەن ياخشى بالا. ليۇ ليۇ، بۇنى بىللە ئەلىپ كەتىپ سوزلىشەيىز

(لۈكچەكلەر داسونى ھەيدىگەن پەتى مو باشلىق ھەممىسى چىقىپ كەتىدۇ).

بىرىنچى دېكوراتسىيا تارتىلىپ، ئىككىنچى دېكوراتسىيا ئەچىلىدۇ.

داچوڭ: (ئىشىكنى قەقىپ) جاۋ داشۇ! جاۋ داشۇ! (جاۋ چىقىدۇ) ئاپام قەنى.

جاۋ: ئاپاڭ قايتىپ كەتكەن، بالام نەمە ئانداق ھاسىرراپ كەتتىڭ!

داچوڭ: تاغا ئىش يامان بولدى. داسو ماڭا ئەگىشىپ مورىن جىنى ئۇرغان ئەدى. خۇاڭشى رىننىڭ ئادەم ئۇرىدىغان لۈكچەكلىرى كەلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. مەن قاچتىم.

جاۋ: ھەي گودەكلەر، توخۇ يۈرەكلەر. پاي - پەتەك بولۇپ كەتكىنىنى قارا. مەن سىلەرنىڭ كوڭلۈڭلاردا بىر مۇددىئانىڭ بارلىغىنى بۇرۇنلا بىلىۋىدىم. بىلمەمسەن، بۇ كۈنكى ئالەم قانداق ئالەم. ئەمدى سەن بۇ يەردە تۇرماستىن چاپسان كەت.

داچوڭ: تاغا...

جاۋ: داچوڭ! سەن غەربى - شىمال تەرەپكە كەت. چاققان كەت!

داچوڭ: تاغا، ئاپام بىلەن شىئەر...

جاۋ: تاغاڭ بولغاندىن كەيىن، بىر گەپ بولا. سەن كەتىۋە. كۈنلەرنىڭ بىرىدە جاھان ئوزگۈرۈدۇ. شۇ چاغدا سەن قايتىپ كەلىپ، تاغاڭنى، ئاناڭنى كورىسەن. (داچوڭ ۋە جاۋلار چىقىپ كەتىدۇ)

## 3 — كورۈنۈش

خۇاڭنىڭ ئويى، خۇاڭ شى رىن چىراق كوتۈرۈپ سەھنىگە چىقىدۇ.

خۇاڭ: (ناخشا)

بەختلىك بولۇپ ئوتتى مەنىڭ ئومرۇم،
ئامبارىم ئاشقا، ساندۇغۇم ئاقچىغا تولغان.
گادايلار يەي دىسە يوق، كىيەي دىسە يوق،
ئولارنىڭ تەقدىرى شۇنداق يەزىلغان.
ئات - كالا ماڭمىسا دۇمبالايمەن
چوچقا، قەرى ئولمىسە پىچاق سالىمەن.
قايسى گاداي مەن بىلەن تاكاللاشسا،
ئونى نەس باسىدۇ غەزىۋىم تاشسا.

ئالدىنقى كۈنى داچوڭ بىلەن داسو ئىجارە ھەققىنى بەرىشكە ئۇنىماي، قارشىلىق قىلىپ ئومونى ئۇرۇپتۇ، ئەجەب... مانا بۇ گادايلار بۇزۇلدى دىگەن سوز. گادايلار خۇاڭ شى رىننىڭ كىملىگىنى ئويلاپ باقمىدى. چاشقانمۇ ئوشۇكتىن چىقىشتا ئوزىنى چاغلاپ ئىش قىلىدۇ. سەنلەر ماڭا قارشى تۇرۇپ، جاجاڭنى كورمەكچى. داسونى شەنجاڭغا ئەۋەتىپ قامىتىپ قويدۇم. ۋاڭ داچوڭ قەچىپ كەتتى. قاچسا قەچىۋەرسۇن. مەنىڭچە ۋاڭ داچوڭ قايتىپ كەلىشنى ئويلىمىسۇ، قايتىپ كەلەلمەيدۇ. شىئەرما... ھا، ھا... ئۇنى ئەسكەلەش بىلەنلا ئانام يەنىدا ئەلىپ قالدى. بىرنەچچە قەتىم ھەركەت قىلسامۇ، شىئەرنى قولۇمغا چۈشۈرەلمىدىم. بەكاردىن - بەكا ئاۋارە بولۇپ يۈرىمەن. بۈگۈن ئويانقى ھەلىگە بەرىپ ئاغىنىلەرنىڭكىدە مىھمان بولدۇم. بىر ئىشقا كوڭلۈم تىت - تىت بولىۋاتىدۇ... بۈگۈن ئاخشام ئانامنىڭ ئويىگە بەرىپ، شىئەرگە بىر قول سالايچۇ. ھاھا... (ئىككى قەتىم جاڭ سوقۇدۇ)

(ناخشا)

ئىككى جاڭ سوقتى، يا تار ۋاخ بوپتۇ.
ئاستا ئانامنىڭ ئويىگە باراي.
چاققانلىق بىلەن بىر ئىپ تەپىپ،

www.azizisa.org

بۇگۈن كېچە ئىشنى بىر تەرەپ قىلاي.
(چىقىپ كېتىدۇ)
بىرىنچى دىكراتسىيە ئارقىلىپ، ئىككىنچى دىكراتسىيە ئېچىلىدۇ
(خاكىمونىڭ ياتاقخانىسى. خۇگشى (شيئەر) چىنە بىلەن قايناتقان دورىنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ)

شيئەر: (ناخشا)
بۇيەرگە كەلگىنىمگە نەچچە بولدى،
كۈنۈم ئۆتتۇ زەھەرلەر يۇتۇپ.
ئاۋۋال ئىللايدۇ، ئاندىن ئۇرۇدۇ،
ھەر ئاخشامدا زار - زار قاخشىتىپ.
كوز يېشىمغا ئىتەكلىرىم ھول بولۇدۇ
يىغلايمەن كېچىك ئانامغا دەردىمنى ئېيتىپ.
(چىمىلدىقنىڭ سول تەرىپىگە بېرىپ، قىچقىراي دەپ يەنە قىچقىرالماي) خانىم ... (چىمىلدىقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بېرىپ، قىچقىرىشقا يەنە پېتىنالماي) خانىم ... ھەي...
(ناخشا)
خىزمەت قىلماق ئەس باينىڭ ئويىدە
ئەركىن يۈرەلمەيمەن ئۇيان - بۇيانغا،
كورىدىغان بولدۇم كورمىگەن كۈننى
سەت كورۇنۇپ قالسام ئەگەر خانىمغا.
(چىمىلدىق ئىچىدىن «دورىنى قايناتتىڭمۇ، يوق» دىگەن ئاۋاز).

شيئەر: قايناتتىم، خانىم! (چىمىلدىق ئىچىدىن خۋاگمو قولىنى سۇنۇپ قاچىنى ئالىدۇ. چىمىلدىق ئىچىدىن «نەمانچە» ئىسسىق بۇ! قايناق دورى بىلەن ئولتۇرۇشنى ئويلىمىدىڭمۇ؟ ئولۇدىغان! ماڭ بېرىپ سوۋۇتۇپ كەل دىگەن ئاۋاز بىلەن قاچىنى شيئەرگە بېرىدۇ.

شيئەر: (ناخشا)
بىلمەيدىم، ئىسسىتالمىدىمەن، سوۋۇتالمىدىمەن
بۇنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلەلمىدىم مەن.
مەڭدەپ يۈرىمەن، بەك ھەرىپتىمەن.
كوزۈم ئاغرىدۇ، كىرپىك قاقمايمەن.
(چىمىلدىق ئىچىدىن «سوۋۇغان دورىنى بەر!» دىگەن ئاۋاز)

شيئەر: مانا ھازىر
(خۋاگمو چىمىلدىق ئىچىدىن قولىنى سۇنۇپ قاچىنى ئالىدۇ چىمىلدىق ئىچىدىن «بۇ دورا نەمە دىگەن ئاچچىق؟ نەمىشكە دورىنىڭ غەلدە - غەشلىرىنى سۈزۈۋەتمىدىڭ؟ ئولۇدىغان جۇۋاينىمەك! مەنى ئولتۇرمەكچىمۇ سەن؟ يوقال!» دىگەن ئاۋاز.

شيئەر: ھە.. (چوچۇپ) مەن...مەن...(يوقۇلىدۇ)
چىمىلدىق ئىچىدىن «مەن سەنى ئولتۇرۇۋەتمىسەم جۇۋاينىمەك! ئىچىپباقەقمنى سەن! ئاغزىڭنى ئاچ جۇۋاينىمەك!» دىگەن ئاۋاز. چىمىلدىق ئىچىدىن خۋاگمو قولىنى سۇنۇپ شيئەرنىڭ ئاغزىغا ئەپيون زەخىنى تىقىدۇ.

شيئەر: ۋاي جان! (يىغلايدۇ).
(خۋاكشى رىن ئاقىدىن كېلىپ ئىشىك تۈۋىدە ئىكلاپ تۇرۇدۇ. چىمىلدىق ئىچىدىن «يىغلىما ئولىدىغان جۇۋاينىمەك» دىگەن ئاۋاز)

شيئەر: مەن...مەن... (يىغلايدۇ)
(چىمىلدىق ئىچىدىن «ئولۇدىغان جۇۋاينىمەك» دىگەن ئاۋاز. چىمىلدىق ئىچىدىن خۋاگمو چىقىدۇ)

خۋاگمو: ئولۇدىغان جۇۋاينىمەك! (سوپىنىڭ گېنى ئېلىپ سەپى بىلەن ئۇرۇدۇ. خۋاكشى رىن كىرىپ ئاجرىتىدۇ).

خۋاكشى رىن: ئاپا! سەۋىر قىلىڭ ئاپا! (ئانىسىنى يولەپ كارۋاتتا ئولتۇرغۇزىدۇ)

خۋاگمو: خۋاكشى رىن! نەمە دەپ كەلدىڭ سەن؟ (شيئەرگە قاراپ تەرە ئورنۇڭدىن! (شيئەر ئۇمۇلەپ ئورنىدىن قوپۇدۇ).

خۋاكشى رىن: ئاپا، ئىككى كۈندىن بېرى ئانچە مىجەزىڭىز يوقتەك تۇرۇدۇ. شيئەر سىزنىڭ دىلىڭىزنى رەنجىتىپ قويغان ئوخشىمامدۇ.

خۋاگمو: خۋاكشى رىن شۇنداق كېچىدە نەمە قىلغىلى كەلدىڭ؟

خۋاكشى رىن: ھە، سىزنى يوقلاپ كەلگەچ، خۇگشىنى ئويۈمگە بېرىپ ئازىراق ئىش قىلىپ بەرەمدىكىن دەپ چاقىرغىلى كەلىۋىدىم.

خۋاگمو: شيئەر ماڭا دورا قاينىتىپ بېرىدۇ.

خۋاكشى رىن: ھە ...

خۋاگمو: خۋاكشى رىن، سەن ھاراق پۇراپ تۇرىسەن. ئاستا بېرىپ ئۇخلا!

خۋاكشى رىن: خوپ... ماقۇل، مەن ... ئاپا سىز ئارام ئېلىپ بىر ئاز ئاماكاچمىكىڭ، خاپالىغىڭىزنى باسىدۇ (خۋاكشى رىن ئاماكا تەڭتاشتۇرۇپ ئانىسىغا بېرىدۇ، خۋاگمو ئاماكا چېكىشكە باشلايدۇ. خۋاكشى رىن چىمىلدىقنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرۈۋىتىدۇ.

www.azizisa.org

شىئەر يەرە...
شىئەر: (ھەدۇقتەپ) خوجايىن...سىز...
ۋالقىشى: -ۋالقىشىرىن نەمە بولدى، سەن تەخى كەتمىد-
ئىكەنسەن؟
ۋالقىشىرىن: ئاپا مەن شىئەرگە گەپ قىلىۋاتىمەن. بۇ-
رۇنقى ئايىغى يەنىڭ بالا ئەمەسەن...(شىئەرنىڭ قولىد-
نى تارتىدۇ) سەن ئاپامنىڭ خىزمەتچىسى...(دۈمە-
سىسىگە تۇرۇپ).
شىئەر: (قورقۇنۇشلۇق بىلەن) ئا! .
(خۇالقمو خاپا، چىميلدىق ئىچىدىن چىقىپ ئولتۇ-
رۇدۇ)
ۋالقمو: ئولتۇرىغان جۇۋاينىمەك سەن يەنە نەمە غەلۋە
قىلىسەن؟
ۋالقىشى: ھەي، ھەي ئاپا؟ مەن ئەتە يەسزىغا بېرىپ
بىرھەپتە چىڭ شەنسىگىنى قىچقىرىپ كەلەي سىزنى
بىر كۆرۈۋىپاقسۇن.
ۋالقمو: ھەي....(جاڭئەرشىن چاي كوتۇرۇپ كىرىپ
جايىنى خۇالقمونىڭ كارۋىتىنىڭ قەشىغا قويىدۇ)
جاڭ: (ئەھۋالنى كۆرۈپ) خانىم! خۇگشى سىزنى خاپا
قىلىپ قويغان ئوخشىمامدۇ!(خۇالقشىرىنگە قاراپ)
خوجايىن، سىلىمۇ كەتمىكەندە بولا. خەلى كەچ بولۇپ
كەتتى بېرىپ ئارام ئالسىلا بولغان ئەمەسمۇ!
ۋالقشىرىن: ھەي، جاڭئەرشىن...
جاڭ: خانىمنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق. خەلىسى بىر
ۋاخ بولۇپ كەتتى... خوجايىن ... قايتىپ بېرىپ
ئارام ئالسىلا.

ۋالقمو: خۇالقشىرىن، سەن قايتىپ چىقىپ ئوخلا:
جاڭ: (شىئەرنى ئىشتىرىپ) ئوھ. خوجايىن سىلىنىڭ چىد-
راقلىرى مەيدە! (چىراقنى خۇالقشىرىنغا بېرىدۇ)
ۋالقمو: خۇالقشىرىن، سەن ناپىتىپ كەت! شىئەر ماڭا
دورا قاينىتىپ بېرىدۇ.
ۋالقشىرىن: [illegible] ئېلىپ! (جاڭغا قا-
راپ) جاڭئەرشىن، ئەتە مەنىڭ كويىنەك - ئىش-
تانلىرىمنى ژۇيۇپ بەر!
جاڭ: ماقۇ خوجايىن! (خۇالقشىرىن چىقىپ كېتىدۇ)
جاڭ: شىئەر، كەل! خانىمغا دورا قاينىتىپ بەرگىن!
(شىئەر قوبۇپ قاچىنى ئالىدۇ. جاڭ قولى بىلەن
شىئەرنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ، ئۆزى دورا
قاينىتىشقا كىرىشىدۇ. شىئەر جىم. جاڭئەرشىن چىد-

ميلدىقنى [illegible]
جاڭ: خۇگشى! مەن قانداق قىلىپ خانىمنىڭ ئاچچىقىد-
نى كەلتۈرۈپ قويدۇڭ؟
شىئەر: خانىم، دورىنىڭ غەللە - غەشلىرىنى ئەلۋىتىپ
پاكىزە قاينىتمايسەن، دەيدۇ، بىر تۇرۇپ ئاچچىق
بولۇپ كەتتىيتۇ دەيدۇ. مەن پاكىزە قاينىتقان
ئەدىم.

جاڭ: (نەپرەت بىلەن) ھە، ئۇنۇڭ ئاغزى ئۆزى ئەپيۇن
چەكىپ ئاچچىق بولۇپ كەتكەن (چىميلدىق ئىد-
چىدىن «جاڭئەرشىن، سەن نەمەداۋاتىسەن»دېگەن
ئاۋاز)
جاڭ: ھە، خانىم، خۇگشىغا ژېغلىما، خانىمنىڭ ئاچچىد-
غى كەلىدۇ داۋاتىمەن.

خۇالقمو) چىميلدىق ئىچىدىن) ھە...
جاڭ: (پەس ئاۋاز بىلەن) خۇگشى، سەن بۈگۈن كەچ
تاماق يېمىدىڭ. قورسىقۇڭمۇ ئاچقاندۇ! (يېڭىنىنىڭ
ئىچىدىن بىر جىڭ موممۇنى چىقىرىپ) مە، مانىيە!
شىئەر: (ئىچىتاپ قالغان كىشىدەك جىڭ مومۇنى ئاغ-
زىغا تىقىدۇ. ئاغزى ئاغرىغاندەك ... ن) ۋاي جان!..
جاڭ: (ھەيران بولۇپ) نەمە بولدى (شىئەرنىڭ ئاغ-
زىغا قارىسا جاراھەتلەنگەن) ۋاي ، ئەپيۇنزىد-
خىنى سانجىۋەتكەن ئوخشىمامدۇ (ئىچىنىپ، نەپ-
رەتلىنىپ) ۋايەي... مەن ئاشخانىغا چىقىپ، ئو-
غرىلۇقچە بىر ئاز دورا قاينىتىپ ئەكلىپ بې-
رەي، ئاغزىڭغا ئالغىن.

شىئەر: (ئازاپلىنىپ) ياق... كېرەك ئەمەس...
جاڭ: (خانىمغا قاراپ) ھە... خانىم ئوخلاپتۇ (شىئەر-
نىڭ قەشىدا ئولتۇرۇپ، ئوتنى يەلپۈپ) ھەي
خۇگشى، دەت ئۈستىگە دەت. دەردىمىزنى پەقەت
ئانا-بالا ئىككەيلەنلا بىلىمىز. مەن بۇ ئۆيگە خىز-
مەت قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، ياپۇنلىسا باشقا بىر
ئىش ئۈچۈن كەلگىنىم يوق. پەقەت ئىچارە بەد-
دىلىگە كەلگەنمەن. بىر نەچچە يىلدىن بېرى
مەنىڭ كۆرمىگىنىم ئاز قالدى. بىزلەر مانا شۇند-
داق ئىچارە بەدىلىگە كەلگەنلەر بىز: بۇ مۇشەقد-
قەتلىك كۈن، ھەي!... (ئاستا ئاۋاز بىلەن) خۇگ-
شى، مەن سەڭا بىر سۆز ئەيتاي، سەن ئۆزەڭنى
يوقاتما!

www.azizisa.org

شېئەر: كىچىك ئانا!
جاڭ: داچۇڭ بىلەن داسۇنى خوجايىننىڭ قەرزىنى بەرگىن
دەپ قىستاپ مورىنجىنى ئەۋەتىپتىكەن. ئۇلار مو-
رىنجىنى تازا قورقۇتۇپتۇ. بىراق داسۇنى ئۇتتۇرۇۋېلىپ،
خوجايىننىڭ سولۇتۇپ قويدى. داچۇڭ قېچىپ كېتىپتۇ.
شېئەر: ھە! (تىترەپ قاپ ئىختىيارسىز يىغلايدۇ)
جاڭ: (ئۇنى بەزلەپ) بۇ ئىشتا بىر ئاپەت بولدى. مەن
سېنىڭ بۇنى ئاڭلاپ يامان بولۇپ كەتمەمدىكىن
دەپ ئېيتمىغان ئىدىم.
شېئەر: ئاھ... ھامام!...
جاڭ: ئاغاڭ جاۋداشۇ ئۆزىنى ئۆگىنا خەيرى - خاھلاتى قىلىپتۇ.
قورقما! ئىش مانا شۇنداق...... ئىلاج يوق. ئۆ-
زەڭنى يوقاتما. خوشنىلارنىڭ ئەھۋالى مانا
شۇنداق. بۇ مۇشەققەتلىك كۈنلەر مۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.
شېئەر: (ئۆزىنى ئەمىر بەسىپ تۇتىدۇ. كەچكى ئۈچۈن-
چى جاڭ سوقۇلىدۇ)
جاڭ: جاڭ ئۈچىنى سوقتى... خانىم ئۇخلاپ قالدى. خو-
جايىنمۇ ئارام ئالغىلى كەتتىكەن. خۇگىشى مەن
ساڭا دورا قاينىتىپ كەلدى. ئاندىن ئۇخلايمىز.
ئۇياققا - بۇياققا ماڭمىغىن. مەن ئەنسىرەيمەن
(چىقىپ كېتىدۇ)
شېئەر: (دورىنى قاينىتىپ، ناخشا ئېيتىدۇ)
كېچە بەك قاراڭغۇ، ئۈچىنى سوقتى جاڭ،
كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ ئېلىشانسىرى.
غەرىپ دادام قىسىلىپ ئۆلدى،
يوقالدى داچۇڭ كۆزۈمنىڭ نۇرى.
نېمىشكە گادايلار دەرت بىلەن ۋەيران
نېمىشكە بايلار بولىدۇ چايان.
بۇنداق قىلىپ كۈن قانداق ئۆتىدۇ.
بۇ ئېغىر كۈنلەر تۈگەيدۇ قاچان؟...
شېئەر: (مۆلدۈرەيدۇ، دورا قاينايدۇ. چۆچۈپ) ئاھ.
(ئالدىراپ دورا قاينىتقان چەينەكنى كۆتۈرۈ-
دۇ. چەينەك چۈشۈپ كېتىپ، دورا يەرگە تۆكۈ-
لىدۇ. مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىدۇ)

بېشىم قايدى، كۆڭلۈم ئەزىلدى.
چەينەك سۇندى دورا تۆكۈلدى.
مەن... مەن... قۇتۇلاي بىر ئاپەتتىن.
قورقىمەن پەقەت يالغۇزچىلىقتىن
مەن نەگە قېچىپ، نەگە بارىمەن

قۇتقاز خۇدايىم مېنى بۇ دەرتتىن.
(زۇۋۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ)
بىرىنچى دېكوراتسىيە ئارقىلىپ ئىككىنچى دېكو-
راتسىيە ئېچىلىدۇ، شېئەر پەردىنىڭ يېنى بىلەن
سەھنىگە چىقىدۇ)
شېئەر: (ناخشا)
ئۈچ جاڭ سوقتى، يېرىم كېچە، كۆزۈم كۆرمەيدۇ
يول قاراڭغۇ، ئىشىك كۆپ يول ماڭدۇرمايدۇ.
قېچىپ كېلىۋاتىمەن كەينىمدىن بىر كىم.
مەن قاچالامدىمەنكىن بۇ قېتىم.
(ئالدىدىن خۇاڭشىرېن چىراق كۆتۈرۈپ سەھنى-
گە كىرىدۇ. شېئەر چەكچىيىپ قالىدۇ)

خۇاڭشىرېن: (كۈلۈپ) ھاھا... ماۋۇ ئىشنى قارا! خۇ-
شى سەن قانداق قىلىپ بۇيەرگە كېلىپ قالدىڭ.
خۇگىشى! (شېئەرنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرىدۇ).
شېئەر: (تىترەپ) ئاھ!... (خۇاڭشىرېننى كۆرىدۇ)
خۇاڭشىرېن: خۇگىشى، سەن بۇيەرگە قانداق قىلىپ كې-
لىپ قالدىڭ.
شېئەر: مەن... مەن...
خۇاڭشىرېن: خۇگىشى، سەن ماڭا ياخشى بىر ئىش قى-
لىپ بەرگىن. مەن سېنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈر-
گەن ئىدىم. كەل، مەيدەمگە!

ئىككىنچى دېكوراتسىيە ئارقىلىپ، ئۈچىنچى دېكوراتسىيە
ئېچىلىدۇ. (خۇاڭشىرېن شېئەرنى ئىشتىرىپ ئۆيى-
گە ئەكىلىپ كىرىدۇ. بىر قولى بىلەن ئىشىكنى
يېپىپ قويىدۇ. بۇ خوجايىننىڭ كىتاپ ئوقۇيدى-
غان ئۆيى بولۇپ، تامغا زور بىر يولۋاسنىڭ ئو-
لتارغان رەسىمى ئېسىلغان)

شېئەر: (ھودۇقۇپ) ئاھ... (چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ-
مۇ، لېكىن خۇاڭشىرېن توساپ ئالىدۇ.)
خۇاڭشىرېن: (شېئەرنىڭ قولىدىن تارتىپ) خۇگىشى، بۇ-
ياققا كەل. (خۇاڭشىرېن كۆزلىرىنى قورقۇنۇش-
لۇق ھالدا پاقىرتىپ شېئەرنى تارتىدۇ) كەل،
بۇياققا!
شېئەر: ئاھ! (تىترەيدۇ) كىچىك ئانا، كىچىك ئانا.
(ئۆزىنىڭ ئادىشىپ خۇاڭشىرېننىڭ ئۆيىگە كىر-
رىپ قالغىنىنى سېزىپ چىقىرايدۇ)
خۇاڭشىرېن: ھەي، ھەي... سەن يەنە توۋلامسەن!
سەن قېچىپ كېتەلمەيسەن. كەل! (كەينىدىن قوغ-

www.azizisa.org

...پ چىقىپ كېتىدۇ. كەچكى جاڭ بەشنى سوقىدۇ.
ئاق سوزۇلۇشقا باشلىغان)

## 4 — كۆرۈنۈش

(جاڭ ئەرشىن ئالدىراش سەھنىگە كىرىپ كېلىدۇ)
جاڭ: خوڭشى، خوڭشى!. (ناخشا)
خوڭشى ئاخشام ئازا يىگەندى،
بىللە ئولتاردىم يەرىم تۈنگىچە.

تۈن قاراڭغۇلۇشۇپ، جىم - جىت بولدى
...خلىغىن دەپ مەن كەتتىم ئۆيۈمگە.
ئاق ئاتقاندا كەلسەم ئۆيدە يوق
ئىزدىدىم ھەر يانى، يا دەرىكى يوق.
خوڭشى! خوڭشى! (چىقىپ كېتىدۇ).
(شيئەرنىڭ چاشلىرى چۇگۇلغان. كىيىملىرى يىرتىلغان. يۈز - كۆزى ياش: ئاچ ان ماڭغان ھالدا كىرىپ كېلىدۇ. شيئەر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاجىزلىقى بولۇپ يەنە كەينىگە يانىدۇ. ناخشا ئېيتىدۇ)

يىغلاپ سالدىڭ، پالتا بىلەن چاپتىڭ خۇدا،
ئايىق ئاستى قىلدىڭ، مەن نېمە قىلغان ساڭا؛
خوجايىن ئۆيىگە كەلگەندىن بېرى
تۈگىمىگەن بۇنداق بولۇشنى ئەسلا.
ئاتام ئۆلگەن مېنى، دادام باققان،
نېمە ئۈچۈن تۇغدىڭ مېنى ئانا،
نېمە دەپ باقمىدىڭ دادا.

ئاھ... مەن نېمە دەپمۇ خەقنىڭ يۈزىگە قارارمەن.
مەن قانداقمۇ ياشايمەن؟ دادا!.. دادا!.. مېنى قۇتقۇزۇڭ! ھاما، داچۇڭ ئاكا! سىلەرگە قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن؟ (ئولتۇرۇشقا قارار قىلىپ، ئۆي ئىچىدىن بىر ئارغامچىنى ئېلىپ قولىغا ئالىدۇ) دادا! مەن سىزنىڭ كەينىڭىزدىن كېتىمەن.
(ئارغامچىنى سىرتماق قىلىدۇ. جاڭ ئەرشىن، كىرىپ قالىدۇ. ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن شيئەرنى كۆرۈپ)

جاڭ: خوڭشى، ئىشىكنى ئاچ!
شيئەر: (چۆچۈپ) ئاھ! ... (تىترەپ ئارغامچا قولىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ)
جاڭ: مەن، سېنىڭ كىچىك ئاناڭ! ئىشىكنى چاققانراق ئاچقىن!

شيئەر: (ئىشىكنى ئاچىدۇ. جاڭ ئەرشىن كىرىشى بىلەن شيئەر ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ) كىچىك ئانا! .. (يىغلايدۇ)
جاڭ: خوڭشى! سەن ...
شيئەر: مەن ... مەن ...

جاڭ: (ئارغامچىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى بىلىدۇ) خوڭشى! سەن نېمىشقا بۇنداق قىلىشنى ئويلىدىڭ! زادى بولۇدىغان ئىش ئەمەس بۇ.
شيئەر: كىچىك ئانا... (يىغلايدۇ)

جاڭ: بالام، سەن ئەقىللىق - ھوشيار قىزسەن، ئارغان ئوخشىمايسەن. سەن نېمىشقا مۇنداق قىلماقچى بولدۇڭ؛ زادى بولمايدىغان ئىش بۇ بالام!

شيئەر: كىچىك ئانا ... مەن ... كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قارالمايمەن ...

جاڭ: بولدى مەن بىلدىم!... بۇ ئىشتا مەنمۇ ئەيىپلىك. مەن ساڭا خەيرى-ناھلىق قىلالمىدىم.

شيئەر: كىچىك ئانا! مەن بۇ دۇنيادا ياشالمايمەن.
جاڭ: بالام ئۇنداق كەلسە - كەلمەس گەپنى قىلما! ئىش مانا شۇنداق يەرىگە بېرىپ يەتتىمۇ، نېمە گەپ بولسا بولسۇن، ياشاش كېرەك. بالام، سەن

تېخى ياش! ئۇن گۈلۈڭنىڭ بىر گۈلى ئېچىلمىغان. مەن كىچىك ئاناڭ بار بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى داداڭنىڭ ئەنتىقىنى ئالىمىز ...
(شيئەرنى يولاپ ياشلىرىنى ئېتىدۇ. شيئەر جىم...)
جاڭ: يىغلىما، مەن بىلەن بىرگە چىقىپ ئارام ئالغىن! (داشيڭ كىرىدۇ)

داشيڭ: خوڭشى، خوڭشى! (شيئەر بىلەن جاڭنى كورۇپ) ۋاي ئەي، خوڭشى سەن بۇيەردىمۇ تېخى... تۈنۈگۈن ئاخشام ئوز بەشىمچىلىق قىلىپ، ھەرقا ياقىغا چىقىپ كېتىپتىكەنسەن. خانىم چاپسان قىچقىرىپ كەلسۇن دېدى! (شيئەر چۆچۈيدۇ)
جاڭ: بالام يۈرى!
شيئەر: كىچىك ئانا! ... (جاڭنى قۇچاقلاپ ئالغانچە قويۇپ بەرمەيدۇ)
جاڭ: خوڭشى يۈرى، بىللە بارىمىز (ئۈچى چىقىپ كېتىدۇ)

پەردە چۈشىدۇ.

www.azizisa.org

# ئۈچىنچى پەردە

## 1- كۆرۈنۈش

(1) ۋاختى بىرىنچى پەردىدىكى ۋاقىئەدىن بىر ئاي كېيىن ئورنى خوالىمونىڭ ئۆيىدە، خواڭ شى رېن، مورىن جى قولىدا باغاق كوتەرگەن ھالدا كىرىپ كەلمەيدۇ. داشىيڭ چاي كوتۈرۈپ كىرىدۇ. لىۇ كېچەكلەر بىر يەرگە ماگىدىغان قىياپەتتە كىرىدۇ. جاڭ ئەرشىن قەۋەت. قەۋەت تاۋا - دۇر دۇنلارنى كوتۈرۈپ كىرىدۇ. خوالىمو چاي خۇنىلىرىنى كوتۈرۈپ كىرىدۇ. خوشال بىر كەيپىياتتا)

خواڭ شى رېن: كۆزدە ئېچىلغان قىزىل گۈل

ھەممىسى: ھويلىدا پۈراپ كەتتى.

خواڭ شى رېن: توي ئىشىغا كىرىشتوق.

ھەممىسى: ئۆيدىكىلەر ئالدىراپ كەتتى.

ھە : بىزنىڭ خوجايىننىڭ ئەسكەر باشلىغىسى بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيلەنمەكچى بولۇشى

خوشاللىق ئۈستىگە خوشاللىق.

خواڭ شى رېن: ۋوقارقى توي ئالدىراش.

ھەممىسى: تۆۋەنكى تويمۇ ئالدىراش

ھەممىمىز ئالدىراش

مو: قاراپ باقىڭلار . خوجايىننىڭ توي ئىشىغا تەييارلىق قىلغان ۋاختىمىزدا ئۆيدىكىلەرنىڭ بىرسىمۇ قالمىدى. خوشال بولمىغان.

خوالىمو: يېڭى چاپان يېڭى يوتقانلار ياتراق تىكىلسۇن (جاڭ ئەرشىن بىلەن داشىيڭ تاۋارلارنىڭ قەۋەتلىرىنى ئېچىشقا باشلايدۇ. خواڭ شى رېن، خوالىمو، مورىن جىلەر ھەجىيىپ تۇرۇدۇ.

ھەممىسى: قىزىل كۆك تاۋاردا ياگىزا - ياگىزا گۈل

خوالىمو: چاقىان كەزلەپ، چاقىان پىچايلى.

ھەممىسى: ئۈستى باشلار تەييار بولسۇن.

كىرۋات ئۈستىگە يوتقان - كىيىملەر

كىيىگىلى چاپان، كىيىگىلى بوكلەر.

قويغىلى ياستۇق، ياپقىلى يوتقان.

ھەممىسىنى راسلايلى چاققان.

خوالىمو: ئۇرۇق، تۇققانلارغا يازايلى باغاق.

مو: مەن باغاقلارنى يازىمەن چاپسان.

خواڭ شى رېن: شەندا گىبۇنىڭ باشلىغى سوڭ شۇجىجاڭنى، ليۇشەنجاڭنى، لى تۇەن زۇڭنى ...

خوالىمو: ئۇرۇق - تۇققان، خولۇم - خوشنىلارنى، تاغىمىزنى...

مو: بىردىن - بىردىن يازىمەن.

ھەممىسى: ۋاختى كەلگەندە كەلەدۇ مېھمان.

ئەر - خوتۇن، ياش - قېرى.

خوالىمو: جاڭ ئەرشىن بېرىپ تۆۋەنكى ئۆيدە كىيىم تىككۈچىلارغا قاراپ باقىڭلار، نەملەر قىلىۋاتىدىكىن ئۇلار.

جاڭ: خوپ.

خوالىمو : داشىيڭ، تاماقنىڭ تەييارلىقى قانداقكىن سەن قاراپ باقىڭلا!

داشىيڭ: خوپ خانىم.

خوالىمو: لىۇ، سىز ھەممىسىنى توي ئىشىغا ئالدىراتىپ قويۇڭ.

مو: خوپ بولۇدۇ، خانىم.

ھەممىسى (ناخشا)

ھويلىنى قاپلىدى گۈلنىڭ پۇرىغى

بىزنى ئالدىراتتى توي تەييارلىغى.

كوز تالدى كۈتۈپ تويىنىڭ كۈنىنى

ناغرا - كارناي بىلەن قارشى ئالىمىز يەڭگى كەلىنىنى

(مورىن جى، جاڭ ئەرشىن، داشىيڭلار چىقىپ كېتىدۇ)

خوالىمو: خواڭ شى رېن، شەھەردىن ھېلىقى گورۇ كەشر چىقتىمۇ، يوق؟

خواڭ شى: كەلگىنى يوق تېخى. مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈدىغان ئىشى بولسا، جېنىنى ئالىمەن ئۇنىڭ. تونۇگۈن ئۇنى تېپىپ كەلگىنى ئادەم ماۋەت كەن ئەدىم.

خوالىمو: شۇنداق بولسىمۇ، چاقىنىراق بولۇش كېرەك. شىيەرنىڭ قوسىغى كۈندىن - كۈنگە يوغىناپ كېتىپ بارىدۇ. خۇشال كۈنلەرمۇ يېقىنلىشىپ كەلدى. ئەگەر بۇ ئىشنى چاققانراق قىلمايدىغان بولساق، كېيىن داۋرۇغى چىقىدۇ. ئۇ چاغدا شىيەرنىڭ ئاساپىتى بىلەن بىزنىڭ ئائىلىنىڭ نامى بۇلغۇنۇپ كېتىدۇ.

خواڭ شى: مېنىڭچىمۇ شۇنداق قىلىش لازىم. بۈگۈنكى كۈن ئىچىدە لومو شىيەرگە قاراپ تۇرسۇن. ئۇنىڭ بىر يەرگە تېچىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. شۇنىڭچە شىيەرنى ئادەم كورمەيدىغان تەپ - تىنچ بىر يەرگە سولاپ قويساق.

www.azizisa.org

خۇاڭخو: (ماقۇل كورۇپ) ناھايىتى ياخشى (ھەممىسى چىقىپ كېتىدۇ. مورېن جى كىرىپ)

جو: (باغاقلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، بىر تۇرۇپ كېتىپ) ھە، راسلا ... خوجايىن مەنى خۇڭگشىغا قاراپ تۇر دېۋىدى ... ۋاي، نېمە قىلاي ئۆزۈمگىمۇ قاراپ تۇرۇپ (دالانغا موكۇپ ئالىدۇ. شىيەر جىلەك كوتۇرۇپ كىرىدۇ. قوسىغى پومپىيىپ ئالغان (يەتتە ئايلىق بولغان) ئەسلىكتە ماگىدۇ. چىرايى سوزۇق، ئورۇقلاپ كەتكەن)

شىيەر: (ناخشا)

بۇ ھالغا قالدىم؛ يەتتە ئاي بولدى
قاش ئاستىدا ياش تال يەنچىلىپ قالدى.
نومۇس قىلىمەن، ئىچىمدە يىغلايمەن.
تېنىم ئاغرىيدۇ، بۇنى ھېچ ئېيتالمايمەن.
ئىش بۇ يەرگە كەلدى، يول تاپالمايمەن.
ھەي، ئىلاجىم يوق. پەقەت ئۆز كۆتۈش لازىم. ئاگ- چىچە بەشىمنى توۋەن سېلىپ كۈن ئوتكۈزۈمەن.
(ئويگە كىرىپ شىرە ئۈستىدە تۇرغان قىزىل تاۋار، باغاقلارنى كورۇپ) ۋايىەي! ... تويغا تەييارلىق قىلغان بولۇشى كېرەك... خوجايىن...
جو ... (مورېن جى يوتۇلۇپ، موكۇپ ئالغان يەرىدىن چىقىدۇ)

جو: (سەھنىگە كىرىپ) ھە، خۇڭگشى نېمىشكە كەلدىڭ
شىيەر: خانىمغا ئىسسىق سۇ ئەكەلگەن ئىدىم.
جو: خۇرسام سەن خوشال مەنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگىنىمنى بىلەمسەن.
شىيەر: مەن نەدىن بىلەي.
جو: ھە. مانا قارا! ... (باغاقنى قولىغا ئېلىپ) بۇ نېمە؟
شىيەر: تىيىكىن ئاك!
جو: باغاق. تويىنىڭ تەييارلىقى. ھەي. مۇشۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى ھەممىدىن ئالدىراشلىق بىلەن تويغا تەييارلىق قىلىۋاتىمىز. سەن تېخى بىلمەمسەن. بىر بەلى سەنى ...... سەن بەختلىك بولامسەن؟ خۇشال - خورام بولغۇڭ كەلمەمدۇ؟ خانىم سەنى مۇشۇ بىر نەچچە كۈنگىچە بىر يەرگە بەرىشقا رۇخسەت قىلماقلار دېگەن سەنى. سەن بىر يەرگە بارماي جىم يۈرگىن (چىقىپ كېتىدۇ)

شىيەر: مورېن جىنىڭ نېمە دېگەن گېپى ئەمكەنە بۇ؟ (خۇاڭشى رىن كىرىدۇ)
شىيەر: ھە ... سىز!

خۇاڭ شى رىن: ھە، خۇڭگشىما (يەنىپ چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ)
شىيەر: (توساپ) سىز ... تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن سىزدىن بىر گەپ سورايمەن.

خۇاڭ شى رىن: ھەي، ھەي، خۇڭگشى، مەنىڭ ئىشىم بار.
شىيەر: بىر ئېغىز گەپ سورا مەن زادى.
خۇاڭ شى رىن: نېمە، بولىدۇ، ھە؟ (بىر باغاقنى ئېلىپ ئەرەن قىلماي ئاڭلايدۇ)
شىيەر: مەنىڭ قوسىقىم كۈندىن - كۈنگە يوغىناپ كەت- تى مەنى قانداق قىلسۇن دەيسىز. خەلقلەر مەنى مەسخىرە قىلىدۇ. مەن ئولۇۋالاي دېسەم، ئولەلمى- دىم. مەنى قانداق كۈن كەچۈرۈدۇ دەيسىز؟

خۇاڭشى رىن: ھە! (چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ)
شىيەر: (توساپ تۇرۇپ) خوجايىن سىز ... (يىغلايدۇ)
خۇاڭشى رىن: ھەي خۇڭگشى، نېمىشكە يىغلايسەن. ھەي خۇڭگشى. سەن بىلمەمسەن ئەمەس، بىلىسەن. ۋاقىت كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە كېلىدۇ. سەن ئالدى بىلەن ئويدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، ئويلاپ - بۇيانقا بار- ماستىن ۋاقىتنى كۇتۇپ تۇرغىن. مەن ھازىر ئال- دىراش. توي تەييارلىقى بىلەن بولۇۋاتىمەن (چىقىپ كېتىدۇ)

شىيەر: (قەتئىيلا قالىدۇ)، جاڭ ئەرشىن بىر نەچچە كىيىم- لىك رەختلەرنى كوتۇرۇپ كىرىدۇ) كىچىك ئانا.
جاڭ: خۇڭگشى سەن بۇ يەردىكەنسەن-دە؟
شىيەر: كىچىك ئانا نېمە بۇ ئەكىرگىنىڭىز؟
جاڭ: مەن يېڭى كەلىن ئۈچۈن بىر نەچچە كىيىم پىچىقىمەن.
شىيەر: ھە ... كىچىك ئانا! تويغا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولسا كېرەك ھە؟
جاڭ: خۇڭگشى، مەن ساڭا ئېيتىپ قويۇشۇم كېرەك. يۇرىڭىزنىڭ ئويگە بېرىپ، شۇ يەردە ئېيتساي (جاڭ شىيەرنى ئەگەشتۇرۇپ، چىقىپ كېتىدۇ)
ئىككىنچى دەكوراتسىيە ئېچىلىدۇ.

شىيەر: كىچىك ئانا!
جاڭ: خۇڭگشى، سەن نېمۇ بىلىسەن. ئۇ كۇنلەرمۇ كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يېتىپ كېلىدۇ.
شىيەر: مەن بىلىمەن.
جاڭ: سەن نېمۇ بىلمىدىغانسەن.

www.azizisa.org

شيېڭەر: مەنىڭ بىلىشىمچە، قوسۇغۇم 7 ئايلىق بولدى. بۇ ئۇنىڭغا بىر ئىلاجمۇ باردەك. شۇنداق قىلىپ قوسۇغۇمدىكى بالىمۇ ھەسابچا ئۇنۇدىغاندەك.

جاڭ: (ھەيران بولۇپ) خۇڭشى سەن نىمە دەيسىنا!

شيېڭەر: بايا خۇاڭ شى رېننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مەنى ئالىدىكەن.

جاڭ: ھە! سەن جېنىمە! سەن خاتا ئاڭلاپسەن.

شيېڭەر: (ھاڭ تاڭ بولۇپ) كىچىك ئانا، سىزنىڭ نىمە دېگىنىڭىز بۇ.

جاۋ: (ناخشا)

خۇڭشى سەن خەلىلا ئايلىنىپسەن.

ئالىدىغان كەلىن سەن ئەمەسسەن.

شەھەر ئىچىدە بىر باي قىزى بارمىش،

شۇنى بولار كەلىن قىلارمىش.

خۇڭشى سەن ئويلاپباق، سەندەك - مەندەك ئېچارە بەدبىلىگە كەلگەنلەر خوجايىننىڭ نەزىرىدە ئادەم ئەمەس.

شيېڭەر: كىچىك ئانا بولدى، بۇ مەنىڭ دوتلىگىم. خۇاڭ شى رېن مەنىڭ دۈشمىنىم. ئۇ مەنى ئەمرىگە ئالغان تەقدىردىمۇ، مەن دەت - ئەلەم چەكىمەن. مەنىڭ قوسۇغۇم كۈندىن - كۈنگە بوغۇرۇپ كەتىۋاتىدۇ. ئىلاجىم يوق مەن ...

جاڭ: ھەي ... مەن ئويلايمەن. بالا تۇغۇلغاندا ماڭا بەر. مەن ساڭا چوڭ قىلىپ بەرىمەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوجايىننىڭ ئۆيىدىن قۇتۇلۇپ، كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئامال تەپىلا. خوجايىننىڭ ئويلىنىشىنى مەن ساڭا بۇرۇن ئېيتمىغان ئەدىم. كىم بىلىدۇ دەيسەن.

شيېڭەر: كىچىك ئانا، مەن بىلدىم. بۇ تۇرقىدا ئۇلار توي قىلىدىغان بولدى. خۇاڭشى رېن مەنى ئالمايدۇ تەخى. ئۇنىڭ خاتىرجەم بول دېگىنىنى قارا. مەن كىچىك بالا ئەمەس. ئۇ مەنى شۇنداق خاراپ قىلىۋەتتى. مەن بىراۋنىڭ يۈزىگە قارىيالمايدىغان بولدۇم. ھەي ... مەن دادامغا ئوخشاش ئەمەس. مەن دەردىمنى چىقىرىدەن.

جاڭ: (ۋىغلاپ) سەن ئوبدان بالا، كىچىك ئانامۇ سەنى كىچىك بالا كورمەيدۇ، سەنىڭ مۇنداق نىيىتىڭ بار ئىكەن، مەنمۇ ساڭا كۆپ ئىچىنىمەن.

شيېڭەر: كىچىك ئانا، (ئىتىرەپ ئەپ قىلالماي، جاڭنىڭ قۇچۇغىغا ۋىقىلىدۇ. پەردىنىڭ كەينىدىن «جاڭ ئەرشىن! خانىم قىچقىرىۋاتىدۇ» دېگەن ئاۋاز)

جاڭ: مەنى قىچقىرىۋاتىدۇ، خۇڭشى، سەن ئارام ئېلىپ تۇرغىن، مەن ھازىر كەلەمەن. (ئىشىكتىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ قاراپ) يانا بىر تەرەپلەرگە چىقىپ كەتمەسە. (ئىشىكنى يەپىپ چىقىپ كەتىدۇ. شيېڭەر جاڭنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى كورۇپ، ژۈرۈگى كۆيگەندەك بولۇپ، بىر يەردە تۇرالماي، ئاخىرى ئىشىكنىڭ تەشىغا چىقىدۇ، ئالدىدىن خۇاڭشى رېن كىرىدۇ).

شيېڭەر: (ھەسرەتلىنىپ) خوجايىن!

خۇاڭشى رېن: (رەڭگىنى تۈزۈپ) خۇڭشى، سەن نەمىشكە بۇ يەرگە كەلدىڭ؟

شيېڭەر: (يەقىنلىشىپ) خوجايىن، سىز...

خۇاڭشى رېن: ھەي خۇڭشى، چاپسان قايت! بۇ ھويلىنىڭ ئىچىدە سەنى بىرسى كورۇپ قالسا، ياخشى ئەمەس.

شيېڭەر: (چوڭ ئاۋاز بىلەن) خۇاڭشى رېن!

خۇاڭشى رېن: نىمە بولدۇڭ؟ (چوچۇپ) سەن!

شيېڭەر: ھارپا كۈنى دادامنى ئۆلتۈردىڭىز، ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى مەنى ئۆيىڭىزگە ئەكەلدىڭىز. مەن ئۆيۈڭلارغا كەلگەندە، بۇ يەردىكىلەر ھەم سىز مەنى ھەقانداق كىشىدىن قاچۇرمىدىڭلا ھەتتا يېقىنلاردا دەسسەپ ژۈردۈڭلا. سىزنىڭ ئانىڭىز مەنى تىللىدى، ئۇردى (تەخىمۇ يەقىنلىشىپ) ھەتتا سىز مەنى دەپسەندە قىلدىڭىز.

خۇاڭشى رېن: سەن، شۇنداق ئەپلەرنى قىلغىلى كەلدىڭمۇ بۇ يەرگە.

شيېڭەر: (تەخىمۇ يەقىنلىشىپ) مەنىڭ قوسۇغۇم 7 ئايلىق بولۇپ قالدى. بۇ كەمگە كەلگەندە سىز تونىيالمايۋاتىسىز. سىز مەنى ئالىدىكەنسىز، مەن سىزدىن سورايكى، سىزنىڭ ماڭا «كوڭلۇڭ خاتىرجەم بولسۇن» دېگىنىڭىز نىمە دېگىنىڭىز ئەدى. (خۇاڭشى رېننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىدۇ)

خۇاڭشى رېن: (شيېڭەرنى ۋىقىتىۋىتىپ) سەن ئولىدىغان ياسكىنا ئالجىپ تاپسەن. (چىقىپ كەتىدۇ)

شيېڭەر: (ئومۇلەپ قوپۇپ) مەن سىلەردىن كورۇدىغاننى كورۇپ بولغانمەن. مەن ھەلى بولسىمۇ قەننى، يانا كورۇدىغاننى كورۈمەن.

## 2 - كۆرۈنۈش

(خۇاڭمونىڭ ئۆيى - خۇاڭشى رېن ئالدىراش كىرىپ كەلىدۇ.)

www.azizisa.org

خۇالكشىرىن: ئاپا! ... ئاپا! ...

خۇالكمو: (ئاماكا چەكەلىدىغان غاڭزىسىنى قويۇپ) نېمە بولدى؟

خۇالكشىرىن: ئاپا، ئەزەمدىن ئوتتى. مەن خۇلكشىنى ئاڭلىدىم. مانا ئۇ ھازىر غوغا چىقاردى.

خۇالكمو: (كارۋاتتىن قوزغۇلۇپ) نېمە غوغا؟

خۇالكشىرىن: ئۇ مېنى كەينىمدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، ھازىر مېھمانلار كېلىدۇ. بۇ غوغىنى ئۇلار ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا ئىش چاتاق.

خۇالكمو: ۋاھ، بۇ ئۇلۇقنىڭ ساراڭلىغىنى. خۇالكشىرىن چىقىپ لومونى قىچقا، (خۇالكشىرىن چىقىپ كېتىدۇ. خۇالكمو قولىغا سۈپۈرگىنى ئېلىپ ئاچچىقى بىلەن ئورۇندىن تۇرۇشىغا، شىئەر كىرىپ كېلىدۇ.)

شىئەر: مەن سىلەر بىلەن ئەيشىپ كۆرۈدىغىنىمنى كۆرۈمەن.

خۇالكمو: ۋاھ، مەنۇ ئۆلۈدىغان جۇگاينىمەكنىڭ ساراڭلىغىنى. ماڭا ئازىم قىل!

شىئەر: (تېز پوكەيدۇ)

خۇالكمو: (سەت ئاۋاز بىلەن) تېز پەك! (شىئەر غەزەپ بىلەن قاراپ تىترەپ تۇرۇدۇ.) ئۆلۈدىغان، سەن كۆتايىكنى بىلەمسەن، مەن سەندىن سوراپ باقاي، سەنىڭ قوسۇغۇڭدىكى بالا نەدىن پەيدا بولغان

شىئەر: دە؟!.

خۇالكمو: ئۆلۈدىغان جۇگاينىمەك، سەن ئوغۇرلۇقچە كىشىلەر بىلەن ئويناپ، ھارامدىن بالا تېپىپ بىزنىڭ ئۆينىڭ نامىنى بۇلغىدۇڭ، ئەتە، بۇ ھارامدىن بولغان بالىنى نەدىن تاپتىڭ. زادى كىمدىن تاپتىڭ ئەيت! (مورىنجى كىرىپ شىئەرنىڭ كەينىدە تۇرۇدۇ)

شىئەر: (زور ئاۋاز بىلەن) سىزنىڭ ئوغلىڭىزدىن. (جاڭئەرشىن كىرىپ بىر بولۇڭغا موكۇپ ئاڭلاپ تۇرۇدۇ. خۇالكشىرىنمۇ بىر بولۇڭغا موكۇپ ئاڭلاپ تۇرۇدۇ.)

خۇالكمو: (ناھايىتى ئاچچىغلىنىپ) نېمە دەۋاتىسەن؟ مېنىڭ ئوغلۇمغا ھاقارەت قىلغىچە ئۆلۈپ قالساڭچۇ جۇگاينىمەك! (شىئەرنى ئۇرۇدۇ).

شىئەر: (ئالدىغا دەۋەيلەپ كەلگەندە مورىنجى تۇتۇۋالىدۇ. شىئەر دىققەتلىنىپ) سىزنىڭ ئوغلىڭىزدىن - سىزنىڭ ئوغلىڭىزدىن! سىلەر مېنىڭ ئۆيى ئىچىمنى ۋەيران قىلدىڭلا، سىلەرنىڭ ئۆيدە بىرەرمۇ ياخشى ئادەم يوق، سىلەرنىڭ گەيدىكى ئەرخوتۇنلارنىڭ ئىچىدە بىرەرمۇ ئوبدان ئادەم يوق. ھەممىڭلار ھارامدىن بولغان!

خۇالكمو: لومو، مېنىڭ ئاغزىنى جىم قىلتۇرۇڭ، (مورىنجى قول ياغلىقى بىلەن شىئەرنىڭ ئاغزىنى ياپىدۇ) مورىنجى! بۇ جۇگاينىمەكنى چاپسان قازناققا سولاپ، مەن ئۈچۈن تازا دۇمبالاڭ. (مورىنجى شىئەرنى قازناققا تارتىپ ئېلىپ كىرىپ، ئۇرۇشقا باشلايدۇ. شىئەرگە تەگىۋاتقان تاياق، شىئەرنىڭ ئىچىنىشلىق ئاھ www.azizisa.org ئۇرۇدۇ. خۇالكمو تاياق ئاۋازىنى ئاڭلاپ) ياخشى، ناھايىتى ياخشى. قارا بۇنى بۈگۈن سەنىڭ راسا ئەدىپىڭنى بەرمىسە بولمايدۇ. (جاڭ دىققەتلىكتە تېت - تېت بولۇپ ئازاپلىنىدۇ.)

خۇالكمو: (مۈكچىيىپ) مورىنجى، ماڭا ئېشىكنى قولۇپلاپ بەرىڭ. (مورىنجى ئىشىكنى قولۇپلايدۇ. خۇالكشىرىن ئالدىراشلىق ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ، جاڭئەرشىن يوشۇرۇنىۋېلىپ سىرتىدىن ماراپ، ۋەقەنى ئاڭلاپ تۇرۇدۇ.)

خۇالكشىرىن: ئاپا، مەن ھازىر شۇندىلاق بىر ئىلاج تاپتىم. شىئەرنى بىر يەرگە ئەۋەتىۋەتەيلى. مېھمانلارمۇ ھازىر كېلىدۇ. ئەگەر باشقا كىشىلەر بۇ ۋەقەنى بىلىپ قالسا ئىش چاتاق.

خۇالكمو: دۇرۇس، يەنگى كېلىن بۈگۈن كېلىدۇ. قۇدىلار بۇ ئىشنى بىلىپ قالسا، توينى قىلغىلى بولمايدۇ. لومو، سىز ئالاغا چىقىپ، ئادەم بارمۇ، يوق - قاراپ كېلىڭا!

مورىنجى: (ئىشىكتىن چىقىپ قارايدۇ. جاڭئەرشىن يوشۇرۇنىۋالىدۇ، مورىنجى قايتىپ كىرىدۇ. جاڭئەرشىن يەنە ئاستا ماراپ ۋەقەنى ئاڭلاپ تۇرۇدۇ.) ھېچ ئادەم يوق.

(داۋامى بار)

www.azizisa.org

# شىنجاڭ ئۇيغۇر پوئېزىيەسىنىڭ يېڭى دولقۇنى

بۇ ماقالىمىزدا شىنجاڭ پوئېزىيەسىنىڭ ئولكۇمىز ئازات بولغاندىن كېيىنكى 2 يىل جەريانىدىكى ئۇتۇقلىرى ۋە كامچىلىقلىرى ھەققىدە سوزلىمەكچىمىز.

ماقالىنى 2 بولۇمگە بولۇپ، 1-بولۇمدە شىنجاڭ پوئېزىيەسىنىڭ يېڭى مەزمۇنى ۋە ئۇتۇقلىرى ئۇستىدە، 2-بولۇمدە شىنجاڭ پوئېزىيەسىنىڭ ئاساسى كامچىلىقلىرى ئۇستىدە سوزلىمەكچىمىز.

شىنجاڭ پوئېزىيەسىنىڭ يېڭى مەزمۇنى ۋە قىسمەن ئۇتۇقلىرى:

ئەسىرلەر بويى ئېغىر كۇلپەت ۋە نامىراتچىلىق ھاياتىنى كوچۇرۇپ كەلگەن شىنجاڭ خەلقى بۇگۇن جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىياسى ۋە ئۇلۇغ رەھبىرى داھىمىز ماۋ زەي دۇڭنىڭ ئۇلۇغ غەمخورلىقى ۋە رەھبەرلىكى ئاستىدا ئازادلىققا چىقتى. شىنجاڭ خەلقى ماۋزەي دۇڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى گۇللىگەن مەملەكەتلەر ئائىلىسىنىڭ ئايرىلماس ئەزاسى بولدى. شىنجاڭ خەلقى بەخىت قۇچىقىدا ھاياتنىڭ گوزەل مەنزىرىلىرىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۇلۇغ جۇڭگونىڭ ئازات باھارى شىنجاڭ خەلقىنىڭ قارلار ئاستىدا كومۇلۇپ ياتقان ئالاڭلىرىنىمۇ، ئېتىزلىرىنىمۇ ئويغاتتى ۋە بوستانلار زور قەدەملەر بىلەن يېڭى ئىستىقبالغا قاراپ ماڭدى. شىنجاڭ خەلقى ئىجاتچان خەلىق بولۇپ، ئوز ئىجادىيىتىدە زور سەنئەت بايلىقلىرىنى ۋە ئازادلىق تەشناسىدا زارلانغان گوزەل خەلىق قوشاقلىرى ۋە خاھىشلىرىنى ياراتتى. شىنجاڭ خەلقى ئوتمۇشتە ئېغىر ھاياتتا كۇن كوچۇرگەن بولسىمۇ، كەلەچەككە بولغان ئۇمىت بىلەن ياشىدى ۋە ئازادلىق روھى بىلەن تولغان ئاجايىپ قوشاقلارنىمۇ توقىدى. شىنجاڭ خەلقى دۇنياغا كوپ ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى تەقدىم قىلدى. ئوتمۇش ۋە ئوگۇمۇش سەنئەت بايلىقى بولغان فولكلورغا ئەگە ۋە ئونىڭغا باي ۋە بۇگۇنكى كۇندىكى بۇ گوزەل ھايات يانا شۇ ئالانتلىق خەلىقتە ئەسىرلەر بويى كورۇلمىگەن زور روھى كوتۇرۇلۇش ۋە پۇتمەس تەلپۇنۇش ھاسىل قىلدى.

شەئىرنىڭ بىرىنچى كامچىلىقى سەنئىتىدە. مەزمۇنى ياخشى بۇ شەئىر سەنئەت تەرىپىدىن ئاجىز يېزىلغان. شەئىردا سۆزلەر ئۆز جايلىرىغا قويۇلمىغان. ئاساسى كامچىلىق - شەكىلپەرەستلىك، قاپىيەۋازلىقتا.

مەسىلەن: تۇرسۇن قاھارى قاپىيەنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئۇنۇڭغا ياندىش سۆزلەرنى ئىزدەپ ھەتتا سىياسى خاتالىقلارنىمۇ قىلىپ قويۇشتىن خالى بولمايدۇ. ئۇ قاپىيەنىڭ شەئىرنىڭ گۈزەللىكىدە تۇتقان ئورنىغا روھلۇنۇپ، بۇ قاپىيەنىڭ خاتالىقىنى سەزمەي قالىدۇ.

مەسىلەن: چاۋشەن تۆپرىكى جانىجان پېچىنىيان، دېگەن مىسراغا قاپىيەلەشتۇرۇپ - نەمىشكە كەلدىڭ ئاچ كۆز ئارسلان، دەيدۇ، بۇ يەردە ئارسلان - ئامېرىكا جاھانگىرلىكى مەنىسىدا ئېلىنىدۇ. بىز بىلىمىز ئامېرىكا ئارسلان، - لېكىن ئۇ «جاڭگاللار، ھايۋانلار پادىشاسى» كۈچلۈك ئارسلان ئەمەس. ئۇ پەقەت «قەغەز ئارسلان» ئۇنۇڭغا كۈچلۈك قول تەگىپ كەتسىلا ئۇ يىرتىلىپ، مىجىلىپ كېتىدۇ. ئاپتور بۇ ئورۇندا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئەتۇر ئوبرازىنى بېرىپ قويۇدۇ.

يەنە بىر مىسال: ئاپتور قاپىيە سۆزلەرنى - جاھان

تاپان دېگەن سۆزلەر ئارقىسىدىن، بۇ ۋەتەن بىزنىڭ ئەسلى ماكان، دەيدۇ. ئاپتور بۇ يەردە ھەم ئەدەبى - سەنئەت ياقتىن خاتالىق قىلىپ قويىدى. ئاپتور، چاۋشەنلىكلەر تىلىدىن سۆزلىمەك بولسىمۇ، شەئىرنىڭ سەنئىتىنىڭ ناچارلىقى ۋە قاپىيەۋازلىق ئارقىسىدا بۇ سۆز ئاپتور تىلى بىلەن قالغان. بۇ ئەلۋەتتە كامچىلىق ۋە خاتالىق.

چاۋشەن بىزنىڭ دوستىمىز، قېرىندىشىمىز، خوشنىمىز. بىز ئۇنىڭ بىلەن بىر تىلەك ۋە بىر ئۈمىت بىلەن ياشايمىز. لېكىن چاۋشەن بىزنىڭ ماكانىمىز ئەمەس. بىزنىڭ ماكانىمىز - جۇڭخۇا خەلق رىسپۇبلىكىسى. شەئىر قايتىدىن ئىشلىنىشكە مۇھتاج ۋە پەقەت شۇ ۋاقىتتا ئۆز قىممىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

شىنجاڭ پروۋىنسىيەسىدە ئەڭ مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرسى - سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، موسكۋا ۋە پۈتۈن مېھنەتكەشلەرنىڭ داھىسى ستالىن تېمىسى. شىنجاڭ قەلەم ئەگىلىرى بۇ تېمىلارنى شەئىرلىرىدا قەسىدە ۋە مەدھىيە ئوقۇش بىلەن يەتمەكتە. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيا مېھنەتكەشلىرىنىڭ ئازاتلىق ئۈچۈن بولغان كورەشلىرىدە تۇتقان ئورنىنى ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا دۇنيادا تىنىچلىق يەڭگىلىغانلىقىنى ۋە ئۇنۇڭ سىزغان يولى بىلەن پۈتۈن ئىلغار ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ئارزۇ - تىلىكى بولغان كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە چوقۇم يېتەلەيدىغانلىقىنى كۈيلەيدۇ. شىنجاڭ قەلەم ئەگىلىرى ئۇلۇق موسكۋانىڭ بۇ كورەشتە تۇتقان ئورنىنى كۈيلىمەكتە.

(194 - ژىلى 21- دېكابىر - ستالىننىڭ 71 ياشقا توللۇش تەنتەنىسىنى شىنجاڭ خەلقى پۈتۈن جۇڭگو خەلقى بىلەن بىللە بايرام قىلدى. شىنجاڭ خەلقى ستالىن ۋە ئۇلۇق داھىيمىز ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئۆزىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ مۇھىم تېمىغا نابىيز نازىرى ئۆزىنىڭ «ستالىن ۋە ماۋ زېدۇڭ»، بانۇر راشىدىن «موسكۋا جاھان تۈرىكى» ۋە تۇرغۇن ئالماس «ستالىنغا بېغىشلاپ» دېگەن شەئىرلىرىنى بېغىشلايدۇ.

شىنجاڭ قەلەم ئەگىلىرى موسكۋا ھەققىدە سۆزلىگەندە ئۇلۇق پايتەختىمىز بېيجىن شەھىرى ھەققىدە سۆزلىمەي تۇرالمايدۇ. تېيىپجان ئەلىيېۋ 1950- ژىلى دېكابىرنىڭ 20سىدە «بېيجىننى كۆردۈم» دېگەن شەئىرى

www.azizisa.org

نى يازدى. شائىر بۇ شەئىردا «شەرىيەسى پەلەككە
تۇتاشقان» شانلىق پايتەختىمىزنى كۈيلەيدۇ.

جاڭگىۋار جۇڭگو ئەلىنىڭ
دىلىنى يورۇتقۇچى مۇقەددەس قۇياش

دەپ ئۇنىڭ قۇياشتا تەك، پەلەككە كوتورۇلگەن شەرى-
يىنى كۈيلەيدۇ.

شائىر ئۇلۇق پايتەختنىڭ شەرق ئەللىرى ئۈچۈن
تۇتقان ئورنىنى كۈيلەپ ئۇنى «شەرقنىڭ ژۈرىگى،
ئەقلىمىزنىڭ قاينام بۇلىغى» دەپ ئۇلۇق شەھەرنىڭ دۇنيا
مىھنەتكەشلىرى ئالدىدا تۇتقان رولىنى كورسەتىدۇ.

بۇگۈن تىنچلىق تەرەپدارلىرىنىڭ ھەرىكىتى دۇنيا
تارىخىدا مىسلى كورۈلمىگەن ماشىستابقا ئەگە بولدى.
بۇ ھەرىكەت كۈندىن - كۈنگە ئوسۇپ، چەكسىز كەڭەي-
ۋاتىدۇ. بۇ ئۇلۇق ھەرىكەتكە مىلليونلىغان ئازاتلىق-
پەرۋەر كىشىلەر قاتناشماقتا. بولۇپمۇ بۇ ھەرىكەتتە سەن-
ئەت ۋە ئەدەبىيات خادىملىرى زوقۇرى رولغا ئىگە.
بۇ ئۇلۇق ھەرىكەت جۇڭگو خەلقىنىڭ تىنچلىق ئۈ-
چۈن بولغان كورۇشىدە ئىپادىلەنمەكتە. جۇڭگو خەل-
قى ئوزىنىڭ ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن ئىچكى دۈشمەن-
لىرىمىز بولغان مىلىتارىستلار، باندىتلار، شپىيون-
جاسۇسلار، زومىگەر، مۇشتۇمزورلار ۋە پانتۇر-
كىستلەرگە قارشى كورەشى ۋە ئامېرىكىغا قارشى تۇ-
رۇپ، چاۋشەنگە ياردەم بېرىش ۋە ئىقتىسادى، ئىج-
تىمائى ۋە مەدەنى - مەئارىپ قۇرۇلۇشلىرى بىلەن پۈ-
تۈن دۇنيا خەلقى بىلەن بىللە تىنچلىق ئۈچۈن كورەش
قىلماقتا. بۇ ئۇلۇق ھەرىكەت ئۈچۈن شىنجاڭ پوئې-
زىيەسىمۇ خىزمەت قىلماقتا. ياش قەلەم ئەگىلىرىمىز بۇ
تېمىنى ھەل قىلىشتا خەلى زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى.
مىسال ئۈچۈن تېيىپجان ئەلىيېۋنىڭ «تىنچلىق يەڭ-
گىدۇ»، ئابلىز نازىرىنىڭ «بېرىنجى مايدا» دە-
گەن شېئىرلىرىنى كورسەتىش مۇمكىن. تېيىپجان تا-
رىخ چارقىنى كەينىگە بۇرىماق بولغان ۋە مىلليون-
لىغان بى گۇناھ جانلارنى ئولۇم قۇدۇقلىرىغا تاشلىماق
بولغانلار تىنچلىق ئۈچۈن بولغان ئۇلۇق ھەرىكەتنىڭ
ئاياق - ئاستىدا چەيلىنىپ گۇمران بولىدىغانلىغىنى
ۋە دۇنيا تىنچلىغىنىڭ چوقۇم غەلىبە قازىنىدىغانلىغى-
نى سوزلەپ: «تىنچلىق يېڭىدۇ، چوقۇم يېڭىدۇ»
دەپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ تىنچلىق ئۈچۈن بولغان ھەرى-
كەتتە كورۇشىۋاتقانلىغىنى كورسەتىدۇ. ئابلىز نازىرى
ئوزىنىڭ «بېرىنجى مايدا» دېگەن شېئىرىدا دۇنيا
خەلقلىرىنىڭ تىنچلىق ئۈچۈن بولغان ھەرىكىتى - بۇ

ئاتومدىن، قۇرالدىن كۈچلۈك؛ ئۇ، زىچ، مەھكەم ۋە
يەڭگىلمەيدىغان كۈچ، ئاقتۇر شىنجاڭ خەلقىنىڭ غە-
زىۋىنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ تىلىگى تىنچلىق ئەكەنلىگى-
نى ۋە ئۇنى كەسكىن تەلەپ قىلىدىغانلىغىنى بىلدۇرۇپ:

يوقالسۇن ئۇرۇش!
يوقالسۇن ئۇرۇش!

دەپ شېئىرىنى تاماملايدۇ. شېئىر زوقۇرى ھەم-
سىيات ئاستىدا تاماملىنىدۇ. لېكىن بۇ شېئىرمۇ كەم-
چىلىكتىن خالى ئەمەس، جۇڭگو ھازىر تىنچلىق ئۈ-
چۈن بولۇۋاتقان كورەشتە ئاساسلىق كۈچلەردىن بىرى
سانالماقتا. بۇ كورەشتە ئۇلۇق ۋەتىنىمىزنىڭ رولى
چەكسىز زور. لېكىن شائىرلىرىمىز بۇنى نەمىگىدۇ كو-
رەلمەي قالغان ۋە شېئىردا www.azizisa.org

ئۇلۇق داھىيمىز ماۋزېدۇڭ ئەدەبىياتنى ئامىۋى-
لاشتۇرۇش ھەققىدە سوزلەپ: «بىزنىڭ ئەدەبىياتى-
مىز ئاساسەن ئىشچى - دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن
خىزمەت قىلىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئومۇم-
لاشتۇرۇشتىمۇ شۇ ئىشچى - دېھقان، ئەسكەر-
لەر ئىچىگە ئومۇملاشتۇرۇش لازىم» دېگەن ئەدى.
بىز ئوزىمىزنىڭ پوئېزىيەمىزنى داھىمىزنىڭ شۇ نەزە-
رىيەسىنىڭ كوز قارىشىدىن قارايدىغان بولساق، ئەل-
ۋەتتە بۇنىڭ ھەددىدىن چىققۇچى دەپ ئېيتالمايمىز. بىز
بۇ مەسىلە ئۈستىدە پەقەت قىسمەن ئۇتۇقلارنى قازان-
دۇق. بىز پوئېزىيەمىزدە ئومۇملاشتۇرۇش، ئامىۋى-
لاشتۇرۇش ھەققىدە سوزلىگىنىمىزدە يولداش داۋۇت
ئوروخمەتوۋ ئۈستىدە توختۇلۇشىمىز لازىم.

ئوروخمەتوۋ مۇھىم تېمىلارنى خەلق قوشاقلىرى
تورىدە يازىدۇ ۋە خەلى ئۇتۇقلار ئېمۇ قازاندى. مە-
سىلەن: ئۇنىڭ: «سالام دە گىلەر» دېگەن شېئىرى ئې-
تىبارغا لايىق. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا يولداش
ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئەلىيېۋلار مۇتىرىشىپ ئىش-
لىمەكتە. خەلقىمىزنىڭ شىنجاڭ خەلقىدىن كۈتكەن
ئەڭ زور ئۈمىتلىرىنىڭ بىرسى - خەلق ماسسىسى
چۈشۈنەلەيدىغان، ماسسىنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنى ئوز-
لەشتۈرەلەيدىغان ئەسەرلەرنىڭ تۇغۇلۇشىدۇر. خەلق
پەقەت ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشەنگەندىلا ئۇ-
نى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر تىلى ئېغىر ئەسەرلەر بول-
سا، ئۇنى ئەلۋەتتە ئوقۇمايدۇ.

3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابى رەھبىرى ئەخ-
مەتجان قاسىموۋ «سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرى»دىنمۇ

www.azizisa.org

دانىشى قوشاق بولغىنىدۇ - ئۇنى ئوقۇپ ئۆچۈن ياخشى دېيىشكە بولۇدىكى، ئۇ، خەلقنىڭ ژۇرىكىدە ياشاۋاتىدۇ ۋە مەڭگۈ ئولمەيدۇ» دېگەن ئىدى.

بۇ ئەلۋەتتە ھادىر ھالۋاتنىڭ شېئىرلىرىنىڭ پەقەت خەلىق چۈشىنەلەيدىغان تىل بىلەن يېزىلغانلىقىدىندۇر.

بىز پوئېزىيەمىزنىڭ ئامېرىكالاشتۇرۇلىشىدا ئەڭ زور ئوتتۇغىمىز دەپ ئاتىشىچى - شائىرلىرىمىزنىڭ ئوتتۇرغۇلۇق مېھنىتىنى كورسۇتەلەيمىز.

كانسېرت نومېرلىرى ئۈچۈن يېزىلىپ، ئاھاڭلارغا ئەلىنغان ۋە خەلىق ئالدىدا زور ئوتتۇق بىلەن ئېيتىلىۋاتقان شېئىرلار خەلىق ئارىسىغا تارقالماقتا. ئۇلارنى خەلىق سېزىپ ئوقۇماقتا ۋە تىللىرىدە كۈيلىمەكتە.

ياش قوشاقچى شائىرلىرىمىزنىڭ بۇ مۇھىم خىزمىتى ئاھاڭ تارانقۇچى سازەندىلىرىمىزنىڭ مېھنىتىگە ھەمكارلىشىش تۇشماقتا. مەسىلەن: كېرىم نىيازنىڭ «گۈلباغ»، تېيىپ جاننىڭ «ماۋزېدۇڭ ھەققىدە قوشاق»، «بېرەت»، «بەختىمىز»، «تۇخۇچىلىدى»، «زامانىڭ كەلدى يولداشلار» ۋە تۇرسۇن ۋاھىدىنىڭ «داھى ماۋزېدۇڭ» دېگەن شېئىرلىرى مۇھەببەتكە ئىگە بولدى.

پوئېزىيەمىزنى ئامېرىكالاشتۇرۇش - شىنجاڭ ئەدەبىيات ئەگىلىرىنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىنىڭ بىرىسىدۇر، ئۆلكىمىز ئازات بولغاندىن كېيىنكى 2 يىل جەريانىدا ياش شىنجاڭ ئۇيغۇر پوئېزىيەسىنىڭ قىسقىچە ئوتتۇقلىرى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت. بىزنىڭ بۇ كىچىك ماقالىمىزدا ئەلۋەتتە بۇ زور مەسىلە ئۈستىدىن تەپسىلى ھەر نەرسە بېرەلمىدۇق. بۇ ماقالىمىز قىسقىچە نەرسە ئۈستىدىن سوزلىيەلىدى. ئۇ-

زىمىزنىڭ پوئېزىيەمىزنىڭ ئىستىقبالىنىڭ پارلاق ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇلۇق داھىيمىز ماۋزېدۇڭ ھەم كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ ئۇلۇق رەھبەرلىكى ئاستىدا ئانار يىمىزدىن داغلىق، شەكىللەنگەن شائىرلىرىمىزنىڭ چىقىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ياش شىنجاڭ ئۇيغۇر پوئېزىيەسىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن سوز بېشى قىلىپ داغلىق تەنقىتچىمىز ۋە شائىرىمىز لى ياڭنىڭ توۋەندىكى سوزىنى ئالساق بىزمۇ بالىغە قىلغان بولمايمىز: «ئىشچى - دېخان ۋە جەڭچىلەر پوئېزىيەسى - بۇ www.azizisa.org ئارمىيە دولىتىمىزدە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنى ھاياتى زۇقۇر كوتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ روھى ئوسۇشى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىنمۇ شەكىللەنگەن ۋە پىشقان شائىرلارنىڭ چىقىشى ۋە ھەقىقى ئۇلۇق خەلىق شائىرلىرىنىڭ ئوسۇپ يېتىشىشى مۇمكۇن».

ياش شىنجاڭ ئۇيغۇر پوئېزىيەسى ھازىر ئوز ھاياتىدا يېڭى بوسۇغا - ئەدەبى تەقىم ئالدىدا تۇرۇدۇ. كەلگۈسىدە ياش شائىرلىرىمىزنىڭ ۋە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادى پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە ئىنقىلابى رومانتىزمنىڭ رېئالىزم بىلەن باغلىنىشى - يېڭى دېموكراتىزملىق رېئالىزمنىڭ تۇغۇلىشىنى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈدۇ.

يېڭى ھاياتنىڭ ئىنىقلىقىنى توغرى ئىپادىلەش «ھايات قاينىمىغا چۈشۈپ ئۇنى چوڭقۇر ئوگۇنۇش، ئەدەبى تىل ئۈستىدە چوڭقۇر ئىشلەش، يېڭى ئادەملەرنىڭ يېڭى خاراكتېرىنى پىسخولوگىك ياقتىن چوڭقۇر تەكشۇرۇپ، ئۇنى توغرى بېرىشكە ئوگۇنۇش»- مانا ياش پوئېزىيەمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالىنىڭ ئاساسى.

زىيا سەمىدى

# غەربى - شىمال مەدىنىيەت مەئمۇرىيىتى كونفېرېنسىيەسىنىڭ روھىنى ئۆلكە بويىچە قانات يايدۇرايلى!

بۇ نۆۋەت غەربى - شىمال 5 ئۆلكە مەركىزى شىئەندە بىرىنچى نۆۋەتلىك مەدىنى ئىشلار ۋەكىللەر كونفېرېنسىيەسى 9 - ئاينىڭ 22 كۈنى رەسمى ئېچىلىپ، 7 - ئوكتەبىردە زور غەلىبىلەر بىلەن تاماملاندى.

مەجلىسكە 5 ئۆلكە، چوڭ مەمۇرى رايون، غەربى رايون ۋە شىئەن شەھىرىدىن بولۇپ 200 چە ۋەكىل قاتناشتى. مەجلىسنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا غەربى - شىمال مەمۇرى ھەيئەت مۇئاۋىن رەئىسى شى جۇڭشۈن يولداش ۋە جاڭ جىجۇڭ يولداش ھەممە باشقىلار رەھبەرى ئورگانلار باشلىقلىرى ئىشتىراك قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك مەئرۇزەلىرى بىلەن مەدىنىيەت خىزمەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك يوليورۇقلارنى كونكرېت ھالدا كۆرسىتىپ ئۆتتى.

مەجلىس ئېچىلىش مۇراسىمىدا يولداش شى جۇڭشۈن «ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئۆز ئىجادىيىتىدە ۋە خىزمەتلىرىدە خەلىق ماسسىسى ئۈچۈن ئىشلەشنى نىشان قىلمىسا، ئۇنداق ئىجادىيەت ۋە ئۇرغۇنلاپ قويغان ئويۇنلارنىڭ بىزگە كېرىكى يوق» دېدى. بۇ كۆرسەتمە مەجلىس كەلگۈچەك ئىشلارنىڭ نىشانىنى ۋە مەركىزى ۋەزىپىلىرىنى بەلگۈلەشتە ئاساسى رول ئويناش بىلەن ۋەكىللەرنى ئىلھاملاندۇردى. بۇ قېتىمقى كونفېرېنسىيەدە غەربى - شىمال مەدىنىيەت مىنىستىرى چىڭ بەي رىڭ «ئىنقىلابى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن يەنە بىر قەدەم ئالغا بېسىپ غەربى - شىمالنىڭ مەدىنى خىزمەتلىرىنى ژۇقۇرى كوتۇرەيلى» دېگەن ماۋزۇدا ئاساسى دوكلاد بەردى. دوكلاددا: «غەربى - شىمال دولىتىمىزنىڭ قەدىمقى تارىخى مەدىنىيىتىنىڭ مەنبەسى بولۇش بىلەن ياۋروپا، ئاسىيا مەدىنىيىتىنىڭ ئالماشتۇرۇشتىكى مۇھىم كۆرۈكى، خۇسۇسەن (گوۋەن جوڭ) شىمالدىن ئەتراپىدىكى رايونلار، جەنۇبتىكى، خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدىكى (دەۋرلىرىدىكى) مەدىنىيەتنىڭ مەركىزى ئورۇنلىرى بولدى. ھەر بىر ئاكا - ئۇكا مىللەتلەرنىڭ مەدىنى ھەمكارلىق شۇنىڭدەك مىللى مەدىنى سەنئەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى كۆرسەتتى.

شەنشى، نىڭشيا، گەنسۇ، چىڭخەي رايونلىرى جۇڭگو خەلىق ئىنقىلابىنىڭ ئاساسى ئورنى ۋە كېلىپ چىقىش نوقتىسى شۇنىڭدەك ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ قوماندانلىق سەھنىسى ئىكەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن غەربى - شىمال يالغۇزلا تارىخى مەدىنىيەت بايلىقلىرىغا ئىگە بولۇپ قالماستىن، ئىنقىلابى مەدىنىيەتنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى خۇسۇسەن 10 نەچچە يىللاردىن بۇيان داھىيمىز ماۋزېدوڭ يەنەندە ئۆز قولى بىلەن مەدىنىيەت خىزمەتچىلىرىنى تەربىيەلەپ ئىشچى - دېخان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئىشلەيدىغان نىشانىنى بەلگۈلىدى. ھەم كۈچلۈك يېڭى مەدىنى - سەنئەت خىزمەت كۈچىنى يېتىلدى ۋە ئۆستۈردى. بۇ ئازات بولغاندىن كېيىن مەدىنى - سەنئەت خىزمىتى قولايلىق شەرت - شارائىتلار ئاستىدا تەرەققى قىلىش بىلەن مەدىنىيەت ئاساسىنى قۇرۇش، مۇستەھكەملەشتىكى مۇھىم شەرتلەردۇر.

www.azizisa.org

بۇ شەرتلەر مەدىنىيەت ساھەسىدىكى خىزمەتچىلەرگە كۆرەش قىلىش قىزغىنلىقىنى ھەم غەلىبىلىك ئىشەنچىنى تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ «بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ تەگىشلىك ۋەزىپىمىزنى تولۇق بەجىرىشكە زور ئىمكانىيەت بەردى» دەپ تەكىتلەپ ئۆتتى. ھەقىقەتەنمۇ غەربى - شىمال پايانسىز كەڭ، كەلگۈسى ئىستىقبالى پارلاق بولۇپ بۇ رايوننىڭ تارىخى ئىنقىلابى مەدىنىيىتى ۋە تەبىئى بايلىقى بىلەن ئېلىمىزدە ئەرزىيدىغان تەنتەنىلىرى باردۇر.

www.azizisa.org

غەربى - شىمال ئايماقىدىكى 20 دىن ئوشۇق مىللەت ئۆزىنىڭ ئايرىم - ئايرىم مەدەنىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن دوستلۇق، ھەمكارلىق ئىتتىپاقى ۋەتلىرى بىلەن بۇ كەڭ گۈزەل رايونغا ئايرىمچە مەنزىرە بېرىپ ھەر بىر مەدەنىيەتچىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ باي تەئسىراتقا ئىگە قىلىپ، ئىرىشىپ ئىشلەشكە چاقىردۇ.

يەنە مەجلىس جەريانىدا كە - چۈك - پىك «ۋەتەنپەرۋەرلىك مەدەنىيەت» مالىيە - ئىقتىسادى ھەيئەت مۇدىرى جاڭ ۋۇ «مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد»، گۈڭ ئەن بولى - بو - جاڭ «تەنتەربىيە ئىنقىلابچىلارنى يېتىشتۈرۈش»، مىللى ئىشلار ھەيئەت مۇدىرى ۋاڭ فېڭ «بىرلىك سەپ»، غەربى - شىمال پارتىيە بىيۇرو تەشۋىقات بۆلۈم كاتىپى چيېك چەن «ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى» ھەققىدە دوكلاد قىلدى. بۇندىن باشقا سۇيى پېڭ «سەنئەت ئۇمەكلىرىنىڭ خىزمىتى»، گاۋ گە «كىنو ئىشلار خىزمىتى»، خۇسەي «ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدى»، جاڭ جى جۈڭ «ئوشۇق جەن ھەققىدە تەنقىت»، ما جەن لىڭ «دراممىلارنى تەكشۈرۈش، تەدقىقلاش»، جاڭ چۇ جاڭ «يېزىلاردىكى مەدەنىيەت خىزمىتى»، ۋاڭ - يۈن - يەن «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى» ھەققىدە مەخسۇس دوكلادلار قىلدى.

مەجلىسنىڭ كىچىك گرۇپپىلىرىدا زۇڭ ۋىزدىكى چيېك بەي رىن نىڭ ئاساسى دوكلادى ۋە باشقا مەخسۇس دوكلادلار قىزغىن مۇزاكىرە قىلىندى. بۇ نۇتۇقلىرىدا 5 ئۆلكە ۋە شىگەن شەھەرلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى مەدەنىيەت خىزمەتلىرى ئۈستىدە ئاتچوتنى دوكلادلارنى قىلدى. بۇ قېتىمقى مەدەنىيەت كونفېرېنسىيەسى ئوتتۇرىدىكى مەدەنىيەت ئىشلىرىدا بولغان ئۇتۇقلار، كەمچىلىكلەرنى ئاشكارا كۆرسىتىپ بېرىشنىڭ سىرتىدا كەلگۈسىدىكى خىزمىتىمىزنىڭ نىشانى ۋە مەركىزى خىزمەتلەرنى كونكرېت ھالدا بەلگىلەپ بەردى.

مەجلىس مۇزاكىرە جەريانىدا مەجلىسكە قاتناشقۇچىلارغا [illegible] كۇرس قاتارىدا تەربىيەۋى خىزمەتنى [illegible] مەدەنىيەت خىزمىتىگە ئوڭ[illegible] بولمىغان [illegible] ئومانلىق مەسىلىلەرنى [illegible] كېلەرنىڭ مەدەنىيەت [illegible] كۆتەردى.

مەجلىس غەربى - شىمالدىكى مەدەنىيەتچىلەرنىڭ [illegible] بىرلىكنى [illegible]

ئىپادىلىنىشىنىڭ سىرتىدا مەدەنىيەت بىرلىك سەپى ۋە ئىتتىپاقى ھەر مىللەت مەدەنىيەتچىلىرىنىڭ بىر- بىرىگە بولغان سەمىمىيەتنىڭ مۇستەھكەملىكى كۆرۈلدى ۋە تەخمىنۇ چىڭىدى. بۇ، ئەلۋەتتە بۇ قېتىمقى مەدەنىيەت كونفېرېنسىيەسىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە تارىخى ئۇتۇقىدۇر. ھەر ئۆلكىدىن كەلگەن مەدەنىي-سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئىش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىنى بىر - بىرسىگە تەقدىم قىلىش بىلەن بۇندىن ئارتۇقلۇقلارنى، ياخشى تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىش، بىر- بىرىگە ياردەملىشىش جەھەتتىن ئۇرغۇن ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. يولداش چيېك بەي رىن ۋە باشقا مەخسۇس دوكلاد قىلغۇچىلار نىڭ دوكلاد يەكۈنىدە 2 ژىلدىن بۇيان غەربى - شىمال بويىچە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ رىۋاجلىنىشى، تەرەققى قىلىشى، ناھايىتى چوڭ قەدەملەرنى باستانلىقى ۋە ھازىرقى ئامېرىكىغا قارشى، چاۋشەنگە ياردەم بېرىش، ئەكسىل ئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ھەم يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچلەندۈرۈش ھەرىكەتلىرىدە ئۆزىنىڭ زور تۆھپىلىرىنى قوشقانلىقى ۋە خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى كۈچەيتىش، ئۇلارنىڭ سىياسى سەزىمىنى ئاشۇرۇشتا ئالغان ئۇتۇقلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

مەدەنىيەت مىنىستىرى چيېك بەي رىن ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈستىدىكى ئاساسى دوكلادىدا، بۇندىن كېيىنكى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ نىشانىسى ۋە مەركىزى خىزمىتى قىلىپ، بىرىنچى ئورۇندا ئومۇملاشتۇرۇشنى قويۇپ، ئۆزىمىزنى پۈتۈن رايون، يېزا ۋە ئامىمىغا قارىتىلى دېدى. شۇنىڭ بىلەن داھىيمىز ماۋزېدۇڭنىڭ «بىزنىڭ مەسىلىمىز ئاساسەن ئامما ئۈچۈن ۋە قانداق قىلغاندا، ئامما ئۈچۈن بولىدۇ» دېگەن داھىيانە تەلىماتىنى ياڭا بۇ ژىل مەئمۇرى ئىشلار كېڭىشىنىڭ 81 - نۆۋەتلىك مەجلىسىدە مەركىزى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىنى يولداش جۇيا گىنىڭ «پۈتۈن دۆلەت مەدەنىي - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمى يونىلىشى خەلقنىڭ يېڭى ۋەتەنپەرۋەرلىك يېڭى مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئۈستۈرۈش شۇنىڭ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇش» دېگەن كۆرسەتمىسىنى يانا بۇ ژىل يېڭى ژىل باشىدا غەربى - شىمال ھەربى - مەمۇرى ھەيئەت مۇئاۋىن رەئىسى شى جۇڭ شۈننىڭ «بىز 90% كۈچىمىز بىلەن ئامما خىزمىتى-

www.azizisa.org

www.azizisa.org

تىنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك» دېگەن كورسەتمىسىنى تەئكىتلەپ ئۆتتى. بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭ مۇندىن كېيىنكى مەدەنىيەت، سەنئەت ھەركىتىمىزنىڭ نىشانى كونكرېت مەسىلىلىرىنىڭ ئاساسى تۈگۈنىدۇر. ئەگەر بىز ئۆتمۈش خىزمىتىمىزگە نەزەر سالغاندا، بىزدە ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى دېگەندەك قانات يايمىدى يالغۇز ئەمەس، بەلكى بۇ مەسىلە ئۈستىدە مەدەنىيەت-سەنئەتچىلىرىمىز تېخى ياخشى چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. بىزدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر ياكى شۇ دائىرىدىكى رەھبەرلىك قىلغۇچى ھەر شەكىلدىكى ئورۇنلار ئومۇملاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويمىغاچقا مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممە تۈرلۈك ئەمەلى ئىشلىرىدا ئومۇملاشتۇرۇشنى ھەقىقى ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرمىغاچقا، خۇسۇسەن كىنو، تىياتىر ئىشلىرىمىز تاكى كېيىنكى كۈنلەرگىچە شەھەردىن سىرتقا چىقمىغاچقا، خەلقىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا چوڭقۇر كىرمىگەنلىكتە بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە تولۇق ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرەلمىدۇق. بۇ، ئەلۋەتتە بىزنىڭ مۇندىن كېيىن www.azizisa.org ئاساسى مەسىلىمىزدۇر. پۈتۈن مەدەنىيەتكە، سەنئەتكە دائىر ئورۇنلار مەزكۇر ئومۇملاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ كەڭ خەلق ئېھتىياجىغا چوڭقۇر كىرىپ، مەدەنىيەتنى ئاممە ئۈچۈن ئىشلىتىشنى، ئاممىنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرۇشنى نىشان قىلىشلىرى لازىم. ئۆلكىمىزدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەر كىتىنى خەلق ماھىيىسى ئىچىدە زورۇتۇشنى نىشان قىلىپ خەلققە كۆرسىتىدىغان نەرسىلىرىمىزنى خەلق تىلىدا ئاددىيلاشتۇرۇپ خەلققە چۈشەندۈرۈپ قىلىپ بېرىشى لازىم.

2- ئۈچ بۈيۈك ھەرىكەت ۋە ئىشلەپ چىقىرىش، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ چوڭقۇر رەۋىشتە ئىنقىلابى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەئلىم-تەربىيەنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى كورسىتىپ چىك بەرىدىن تۆۋەندىكى ئۇتۇقلارنى ۋە كورسەتمىلەرنى تەقدىم قىلىپ ئۆتتى:

«بىر يىلدىن بۇيان غەربى-شىمال بۇيىچە مەدەنىيەت، سەنئەت خىزمەتچىلىرى 3 چوڭ ھەرىكەت ۋە ئىشلەپ چىقىرىش قۇرۇلۇشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆز ساھەسىدە كەڭ كۆلەملىك ئاممىغا تەشۋىق-تەرغىب، تەئلىم-تەربىيە ئىشلىرىنى يۈرگۈزدى. خەلق ئاممىسىنىڭ سىياسى ئېڭىنى كۆتۈرۈشكە ياردەم قىلدى. خۇسۇسەن ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم قىلىش ھەرىكىتى جەريانىدا جاھانگىرلارنىڭ يۈز يىلدىن بېرى خەلقىمىزگە تاراتقان مەنپۇر زەھەرلىرىنى تازىلاپ، بولۇپمۇ ئامېرىكىنى سۆيىدىغان، قورقىدىغان زەھەرلىك خاھىشلارنى تازىلىدى. مىللەتلەرنىڭ ئۆز-ئارا ھۆرمەت قىلىش، بىر-بىرىگە ئىشەنچ قىلىش ئىشلىرىنى رىۋاجلاندۇرۇپ، غەربى-شىمال بۇيىچە كىنو ئىشلىرى ئارقىلىق، مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ئارقىلىق ۋە 35 تىياتىر ئارقىلىق، ئەمەلى ئەھۋالغا تەدبىقلاپ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم بېرىش، تەتۈر ئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، ئىشلەپ چىقىرىشنى كۈچەيتىش بۈيۈك ھەركەتلىرىدە جانلىق تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ئوينىدى. مىسالغا ئېلىپ ئېيتقاندا: نىڭشا ئۆلكىسىدە «شەھەر، يېزىلارنى تەڭ-مىللەش» ئۇسۇلى بىلەن ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەردە ئەرزەن باھادا بىلەت سېتىپ، يېزا ۋە مەيدە مىللەتلەر رايونلىرىدا بەلەتسىز كىنو قويۇپ بەرگەن. يېتىشمىگەن راسخوتلارنى مەدەنىي-مۇئارىپ نازارىتىدىن ياردەم ئالغان. مانا بۇ چارىلارنى ئۆز رايونلىرىمىزغا تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

غەربى-شىمالدىكى ۋىلايەتتىن يۇقۇرى دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمىكى ۋە دراما تىياتىرلار ئومۇمى 35 بولۇپ، 3 چوڭ ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈشتە چوڭ رولىنى ئويناش بىلەن ھەر جايلاردىكى ئاممىۋى سەنئەت ھەرىكىتىگە كۈچلەپ ياردەم قىلدى. شىئەن سەنئەت ئۆمىكى يەڭگى يىل بايرىمىدا 2 خىزمەت ئەترىتىنى چىقىرىپ، بىرىنى چىڭخەيگە، يانا بىرىنى شەنشى ۋىنەن رايونلىرىغا ئەۋەتتى. بۇلار ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشەنگە ياردەم قىلىش، تەتۈر ئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە كۈچلۈك تەشۋىق ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ ئىككى ئەترەت شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەيدىن ئىبارەت 3 ئۆلكىدە 108 قېتىم ئويۇن قويۇپ، 332·000 كىشىگە كۆرسەتكەن. غەربى-شىمال ئاممە دراما تىياتىرى ئىشچىلار كان رايونلىرىدا ئىشچى، دېھقانلار ئۈچۈن 18 قېتىم ئويۇن قويۇپ 31·000 كىشىگە كۆرسەتكەن. شەنشى ئۆلكىسىنىڭ 10 سەنئەت ئۆمىكى ئۆتكەن يىل ئوكتەبىر ئېيىدىن تارتىپ، بۇ يىل ماي ئېيىغىچە 860 قېتىمدىن ئوشۇق ئويۇن قويۇپ، 3·250·000 كىشىگە كۆرسەتكەن. گەنسۇ ئۇۋى رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكى ناھايىتى قىيىنچىلىق شەرتلەر ئاستىدا 5 يېرىم ئاي ئىچىدە 4 ناھىيە-

www.azizisa.org

بەدە، 22 رايوندا 209 قېتىم ئويۇن قويۇپ 1،253،000 كىشىگە كورسەتكەن. نىڭشا سەنئەت ئۆمىكى 4 ئاي ئىچىدە 4 ناھىيەنىڭ 9 جايىدا 49 قېتىم ئويۇن قويۇپ 119،700 كىشىگە كورسەتكەن. ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم قىلىش باش ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ 3 بۈيۈك چاقىرىقىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن دراما تىياتىرچىلارمۇ، كوپىنچە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر ئايدا پىدائى قىسىم يارىدار يولداشلارغا ئويۇن قويۇپ بەرىش، ئايروپلان، توپ، زەمبىرەككە ياردەم قىلىشتىمىز، ياردەم قىلىش، پىلانىرىنى تۈزۈپ چىققان ......... »

مەن ژۇقارقى سانلارنى تولىگە بولۇش ئۈچۈن كورسەتتىم. ئۇ يانا نەمۇنىلىك ھەرىكەتلەردۇر. ئالدىمىزدىكى 3 بۈيۈك ھەرىكەت ھەم ئىشلەپ چىقىرىش، قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بۇ ھەقتە خەلقنىڭ سىياسى ئەڭگىنى كوتۇرۇشتە بىزنىڭ ئولكىمىزدە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرمۇ خەلق ئومۇملۇك ئىشلارنى قىلدى. ئولكىلىك سەنئەت ئومىكى دەسلەپتە ئۇرۇمچى شەھەر كەمبىنىكى ۋاقىتلاردا www.azizisa.org سىنى كەمەيتىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن چۈشۈپ زور تەشۋىقات - تەرغىباتچىلىق رولىنى ئويناپ خەلق ئومۇملۇك ئۇتۇقلارغا ئەگە بولۇش بىلەن ئەمگەكچى دېخانلارنىڭ قەددىنى كوتۇرۇشتە يار-بولەك خىزمىتىنى ئوتىدى. باش سەنئەت ئومەك خىزمەتچىلىرىنىڭ سىياسى، سەنئەتىي ئەڭگىنى كوتەردى. يانا بىر بولۇم سەنئەتكارلار يەڭگى ئىجادى ھەرىكەتلىرى بىلەن مەزمۇن ۋە سەنئەت ماھىرلىق جەھەتتىن ئوبدانغىنا ھەسسىياتقا ئەگە بولدى. بۇندىن باشقا ئىلى ئىتتىپاق تىياتىرى ۋە جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيەت قارمىغىدىكى كەسپى تىياتىر ئومەكلىرى ئەقىمدىكى تەشۋىقى ئىشلارغا قىزغىن قاتنىشىپ، تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ياخشى ئوتىدى. مەدەنىيەت باشقارمىسى قارمىغىدىكى ئاقسۇ، يەركەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى ئەۋەتىلگەن كىنو ئەترەتلىرى يەزا - سەھرالاردا ئەسكەرلەر، خەلقتە ھەقسىز كىنو قويۇپ بەرىش يولى بىلەن تەشۋىقى خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. نەتىجىدە 6- ئايدىن 9 - ئايغا قەدەر [illegible] كىشىگە كورسەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە [illegible] ياخشى خىزمەت كورسەتكەن.

ئولكىلىك سەنئەت ئومەك خىزمەتچىلىرى، كىنو خىزمەتچىلىرى [illegible] ئەھدىنامە تۈزۈش بىلەن باش ھەيئەتنىڭ چاقىرىقىغا بىنائەن توپ، زەمبىرەك، ئايروپلان ئەلىشقا ئوزلىرى تەرەپتىن ئىئانە قىلىشنىڭ سىرتىدا پىلانلىق رەۋىشتە ئويۇن قويۇپ چۈشكەن پۇلنى تەقدىم قىلدى. سەنئەتچىلەر ئىچىدە پىدائىلىققا يەزىلغانلىرىمۇ بار.

بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئۇتۇغىمىز بولسىمۇ، لېكىن بىز تېخى تولۇق ھالدا ئوزىمىزگە تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى ئورونلىيالمىدۇق. بىز ئوۋى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئومىكىنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىدىن ئوگىنىپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ساۋاق ئەلىپ، كەلەچەك ئىشلىرىمىزنىڭ ئومۇملۇك بولۇشىغا كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم.

3 - مەدەنى - سەنئەت خىزمىتىدە مەپكۇرەۋى رەھبەرلىك مەسىلىسى ئۈستىدە توختۇلۇپ شۇنداق دەيدى:

«مەدەنى - سەنئەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مەپكۇرە رەھبەرلىك خىزمىتىدۇر. بۇ بولسا، كىنو، تىياتىر سەنئەت ئومىكى، مۇزىكا، رەسسام ۋە باشقا سەنئەت ساھەسىدىكى نەرسىلەر مەيلى يەڭگى تەرەققى قىلىش بولمىسۇن، مەيلى كونىنى ئىسلاھ قىلىش بولمىسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ مەپكۇرىسىنى تەربىيەلەيدىغان خىزمەتتۇر. مەدەنى - سەنئەت خىزمىتىنىڭ مەپكۇرە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، پارتىيە ۋە خەلق ھوكۇمىتىنىڭ خەلق ئىچىدە ژۇر گۈزۈدىغان مەپكۇرە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەتتۇر. مەپكۇرەۋى رەھبەرلىك خىزمىتىدە ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە مەدەنىيەت سىياسىتىنى تولۇق ۋە ھەقىقى رەۋىشتە ئىجرا قىلىش بىلەن بىللە ئەدەبىيات - سەنئەتنى مەپكۇرە تولۇقلاشتىكى ئىجادى يەڭى مەپكۇرەۋى يولىيورۇق كورسەتمىلىرىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلدۇرۇشتۇر. بىر ژىلدىن بۇيان بۇ خىزمەت ئۈستىدە تولۇق ئۇتۇققا ئەگە بولالمىدۇق. چۈنكى بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىز ناھايىتى ئاز، سۈپەت جەھەتتىنمۇ ئانچە ژۇقۇرى ئەمەس. بۇنداق ئەڭ ئاساسى كەمچىلىك مەپكۇرە خاراكتېرى بىلەن سىياسى خاراكتېرنىڭ كەمچىلىكىدىن ھەمدە ئەمىلى كۈرەش بىلەن (ئەقىمدىكى كوڭكرىتنى كۈرەشلەر) بىرلەشتۈرمىگەنلىكىدىن خەلقنىڭ يەڭگى تۇرمۇش، يەڭگى دەۋرىنى ئىپادىلىيەلمىگەنلىكىدىندۇر. يانا شۇنىڭدەك ئاز سانلىق ياخشى ئەسەرلەرنى ۋاقتىدا باھالاپ تەقدىرلەپ ئوستۈرەلمىدۇق. ئۇنىڭغا قوشۇمچە ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىمىز دىگەندەك تەرەققى قىلمىدى. بە

www.azizisa.org

قىلغاندىن بېرى ئەدەبىيات تەرەققى ئەتتۈرۈشكە باشلىغىنىمىزنى، لېكىن پىلانلىق ئەمەس. كونا سەنئەتچىلەرنى تەربىيەلەشتە بىر يىلدىن بۇيان زور ئۇتۇقتا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن غەربىي - شىمالدىكى 20·000 دىن ئوشۇق سەنئەتچىلەرگە قارىتا مەپكۇرە تەربىيەچىلەرلىك ئەمەس. تارىخى مەدەنىيەتلىك (ئەسەرى - ئەتىقە) نەرسىلەرنى ياخشى ھىمايە قىلىشتا نەتىجە قازانغان بولسىمۇ، ئىنقىلابىي مەدەنىيەتنىڭ ۋە يۇزىمىزنى ئاممىغا قارىتىشتىكى تەشۋىق خىزمەتلىرىمىزنى ئاكتىپلىق بىلەن قانات يايدۇرالمىدۇق. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىقتىسادى قۇرۇلۇشقا ئەگىشىپ ئۇنىڭ مۇھىملىگى كۈنساناپ ئوسكەن بولسىمۇ، بۇ خىزمەتنى ئاكتىپلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشتا كوز قاراش ئومۇمى يۇزلۇك بولمىدى. ...... بۇ كامچىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى قۇرۇق ئىش پەرەستلىكتىن كېلىپ چىققان بولۇپ مەئلۇم ساندىكى كۈچىمىز بىلەن قۇرۇق ئىش پەرەستلىك پاتقىقىنىڭ ئورىسىغا چۈشۈپ قالغانلىقىمىزدىندۇر. يالغۇز مەئمۇرى ئىشلار رەھبەرلىكىگە ئالدىراپ مەپكۇرە رەھبەرلىكىگە ئەئتىبار بەرمىگەنلىكتىن مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشىمىز تەرەققى قىلالمىدى ...

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدىكى [illegible] www.azizisa.org

نى يوقۇتۇپ مەدەنىي - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ مەپكۇرە رەھبەرلىك ئىشىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. بۇندىن كېيىن كادرلارغا بېرىلىدىغان تەئلىم - تەربىيەنى كۈچەيتىپ كادرلارنى زورەكلىك ئەركىن ئىشلىتىشىمىز لازىم» دەدى بىز بۇ ھەقتە ئولكىگە كوز سالساق چىڭ - بوجاڭنىڭ مەپكۇرە رەھبەرلىك ئۈستىدە ئومۇمى يۇزلۇك قىلىپ كورسەتكەن كامچىلىكى بىزدە ھەم مەۋجۇتدۇر. بىزدىكى - مەدەنىيەت-سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ مەپكۇرىدىكى تورلۇك خاتا قاراش ۋە داۋام قىلىپ كەلىۋاتقان خاھىشلار بىر يىلدىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشىمىزنىڭ تەرەققى قىلىشىغا، ئوسۇشىگە كوپلىگەن تەئسىرلەرنى بەردى. ئەدەبىياتچىلىرىمىز ئويدىن سىرتقا چىقماسلىق، قىيىنچىلىقتىن قورقۇش، تىرىشىپ كەڭ خەلىق ئاممىسىدىن ئوگۇنۇش، ماسسا ئىشىغا ئارىلىشىش، ماسسىغا چوڭقۇر كىرىش، خەلىقنىڭ كونكرەت ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش ئىشلىرىدا توغرى قاراش بولمىغىنى، خەلىق ۋە ھازىرقى ئەمىلى ئەھۋال نىمىنى تەلەپ قىلىدۇ؟ ھازىر نىمە يېزىش، نىمە قويۇش مۇھىملىگىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن زامانغا ۋە ھازىرقى كەتتىپ

بارغان ۋە تەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتكە، ئىجتىمائى ئىسلاھاتقا خىزمەت قىلىدىغان ياخشى ئىجادى نەرسىلەرنى يېزىپ چىقالمىدى ۋە قويالمىدى.

ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىز ئوزىنى تەربىيەلەشتە كونا مەۋجۇت بولغان تورلۇك قالاق مەپكۇرىلەردىن ئوزىنى تازىلاپ ماۋزەدۇڭنىڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەن سەنئەت نىشانىنى ئوزىگە تولۇغى بىلەن ئوزلەشتۇرەلمىدى. بۇ جەھەتتە ئوگۇنۇش ئىشلىرىنى تەشكىللىك، سىستىمىلىق ئېلىپ بارالمىدى. بۇ ئەلۋەتتە مۇندىن كېيىن بىزنىڭ ناھايىتى دىققەت قىلىدىغان نوقتىمىزدۇر.

3 - بۇيۇك ھەرىكەت ئولكىگە قانات يايغاندىن كېيىن، خەلقىمىزنىڭ سىياسى سەزىمى ۋە سەنئىيى كوز قارىشى ناھايىتى ئۈستۈن كوتۇرۇلدى. خەلىقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك سەۋىيەسى كۈن ساناپ ئوسۇپ مەپكۇرە تەئلىم - تەربىيەسى زۇقۇرى كوتۇرۇلمەكتە. لېكىن بىزنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەتچىلىرىمىز مەپكۇرە تەئلىم-تەربىيەدە خەلىق قەلبىدىن ئارقىدا قالماقتا. خەلىقتە بولغان ئۇلۇق پەزىلەتلەرنى كورسۇتۇشتە ئۇنى ئىنىكاس قىلىشتىمۇ كېيىن قالماقتا. بىزدە قۇرۇق شوئارچىلىق بار. بىزدە قۇرۇق سەپسەتەلىكمۇ بار. لېكىن بىز ماۋزەدۇڭ مەپكۇرىسى بىلەن قوراللىنىپ تورۇپ خەلىقنى تەربىيەلەش، كەڭ خەلىق ئاممىسىغا ماۋزەدۇڭ مەپكۇرىسىنى تارقىتىشتا ئوزىمىزگە خاس بولغان تەربىيە ۋەزىپىسىنى تېخى ياخشى ئورۇندىيالمىدۇق. بۇ بىزنىڭ ئاساسى كامچىلىقىمىزدۇر. ئەلۋەتتە مۇندىن كېيىن بۇنى زۇيۇش كېرەك. بىز مەپكۇرىۋى رەھبەرلىكنى ئەڭ ئەۋۋەل ئوز ئارا يولغا قويماي تورۇپ مەئمۇرى رەھبەرلىكنى يولغا سالالمايمىز. بۇنى خاتىردىن چىقارماسلىقىمىز لازىم.

4 - كادرلار مەسىلىسى: بۇ ھەقتە چىڭ- بوجاڭ: «... ... مەدەنىيەت كادرلىرىنى تەربىيەلەش كوز ئالدىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ يوزۇلۇشى، سىياسەتى، سەنئەت ئىشلىرىنىڭ توزلۇكسىز قانات يېيىشى كادرلارنىڭ زورۇرلىگىنى بۇرۇنلا بەلگۈلەپ بەرگەن ئىدى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىگىنىڭ مۇئاۋىنى جو ياڭ يولداشنىڭ بايانىدا« سەنئەت تەئلىم-تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مەركەز ھەم ھەربىر مەئمۇرى رايونلاردىكى سەنئەت دارىلمۇئەللىمىنىڭ پىداگوك تۈزۈمى، دەرس پىرو-

www.azizisa.org



«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى 1951 - يىلى 4 -5 سان. ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تورى www.azizisa.org

گرامىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، ئۆلكە ۋە شەھەرلەردە ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە قاراپ قىسقا مۇددەتلىك سەنئەت كۇرسلىرىنى تەشكىل قىلىش، سەنئەتدارىلفۇنۇنلىرى ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە قاراپ، مەخسۇس فاكولتېتلەر قۇرۇش بىلەن مەيدە مىللەت سەنئەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەش لازىم» دېگەن ئەدى.

بۇ بولسا، مەركەز ۋە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ سەنئەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىشتىكى ئىش تەخسىماتى.

ئۆلكە قارمىقىدىكى ھەربىر ۋىلايەت، ناھىيەلەر مۇھىم شەھەرلەر ئاستىدا ئەدەبىي سەنئەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش، مەپكۇرە، سىياسى تەئلىم-تەربىيە يۈرگۈزۈپ، مەدەنىيەتخانا، قىرائەتخانا، مۇزىكا كورژۇكلىرى، غەزەل ئوگۇنۇش كورژۇكلىرىنى يولغا سېلىشتىن ئىبارەت» بۇ ھەقتە بىزنىڭ ئۆلكىنى ئالساق، مەدەنىيەتتە ئارقىدا بولغىنى ھەم يۇرۇتلەرنىڭ مەخسۇس مەدەنىيەت، سەنئەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىدىغان ئىلمى يۇرتلارنىڭ بولماسلىغى نەتىجىسىدە بىزدە مەدەنىيەت ۋە سەنئەت كادىرلىرى باشقا ساھەگە قارىغاندا ناھايىتى قىس. ھازىرقى خەلقىمىزنىڭ مەدىنى سەۋىيەسىنى كۆتۈرۈشتە، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان ئېھتىياجىنى قانداشتا بىز كادىرلار مەسىلىسىدە كۆپ قىيىنچىلىقلارنى قارماقتىمىز. شۇڭا مەدەنىيەت كادىرلار مەسىلىسى ئايرىم مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش يەنە ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىق ۋە ئاكتىۋلىقمىزغا باغلىق. ئەلۋەتتە بىز ھازىر ئەمىلى ئەھۋالغا ئېتىبار بەرگەندە، مەدەنىيەت، سەنئەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەر ئېچىش مۇمكىنچىلىكى يوق. شۇنداق بولسىمۇ بىز:

1 - ھازىرقى بار بولغان مەدەنىيەت - سەنئەت كادىرلىرىنى نەزەرىيە، مەپكۇرە ۋە مەشغۇلات ياقتىن ئىزچىل پىلانلىق رەۋىشتە كۆتۈرۈش ۋە چېنىقتۇرۇش لازىم.

2 - ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار، مۇزاكىرە مەجلىسلىرى ئارقىلىق كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش لازىم.

3 - خەلق ئىچىدە قابىل ۋە مەخسۇس سەنئەت بىلەن [illegible] سەنئەت ئەرباپلىرىغا ئايرىم ئەھمىيەت [illegible] مەدەنىيەت ساھەسىدىكى كادىر-

لار بىلەن مۇناسىۋەتنى مەھكەملەپ، تەربىيەۋى تەئسىرىنى كۈچلەندۈرۈش، مەپكۇرىسىنى تۈزەش بىلەن سەنئەت ئوتريدىمىزنى ۋەيتىشىمىز لازىم.

4 - ھەر بىر سەنئەت ئۆمەكلىرى، تىياتىرلار، ئارتىست، ئارتىستكا، مۇزىكا، ئۇسۇل ۋە سەھنە تەخنىكا كادىرلىرىنىڭ ئوگۇنۇشىنى يولغا سېلىپ خىزمەت جەريانىدا چېنىقتۇرۇش لازىم.

5 - ئۆزى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىكتىن بەئىزى سەۋەبلەر بىلەن باشقا ساھەگە چىقىپ ئالغان، ئەمدى مەدەنىيەت ساھەسىدە كەلەپ ئىشلەشنى خالىغۇچىلارنى قارشى ئېلىشىمىز لازىم.

ئەلۋەتتە بۈيۈك خەنسۇ مىللىتى ئاكىلىق سۈپىتىدە بىزگە كادىرلار ئېھتىياجى تەرەپتىن ياردەم قىلماقتا ۋە داۋاملىق قىلغۇسى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ بىر تۈر كۆڭ كادىرلا ھەممە ئېھتىياجنى قاندۇرامدۇ؟ ئولگىدىكى ھەر مىللەت، ئۆز مىللىتىنىڭ شەكلى مىللى، مەزمۇنى يەڭگى دېموكراتىزملىق مەدەنىيىتىنى تىكلەشتە اساسەن ئۆز مىللەت كادىرلىرىغا تايىنىدۇ. بۇنى ئەستىن چىقىرىش ياريمايدۇ. تۈرلۈك مۇناسىپ ئۇسۇللار بىلەن بار كادىرلارنى چېنىقتۇرۇش، يېتىشتۈرۈشكە ھەممىمىز بىردەك كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم.

www.azizisa.org

بۇ قېتىمقى مەجلىستە چىڭ بىجاڭ دوكلادىدا - ھەر بىر ئاكا - ئۇكا مىللەتلەرنىڭ مەدىنى - سەنئەت خىزمەتلىرىگە ئېتىبار بېرىشنى ئايرىم مەسىلە قىلىپ شۇنداق دېيىلدى: ئۇيغۇر، قازاق، تۇڭگان، موڭغۇل ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ بۇتۇنلەي ياخشى غەزەل، ئۇسۇللىرى ۋە سەنئەتكە ماھىرلىغى بار بولۇپ ئازات بولغاندىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن قاتناش ياساپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش بىلەن يەنىمۇ ئالغا بېسىشلار بولدى. بىز ئەلۋەتتە مەركىزى مەدەنىيەت ۋازارىتىنىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنۇپ شەكلى مىللى، مەزمۇنى يەڭگى دېموكراتىزملىق مەدەنىيەتنى يولغا سېلىش پرىنسىپىنى توغرا ئىگەللەپ ھەربىر ئاكا - ئۇكا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەتلىرىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم قىلىشىمىز لازىم.

بىز ئەلۋەتتە چىدامىلىق بىلەن تەربىيە خىزمىتىنى تولۇق باشقۇرۇپ، مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقىنى چىڭىتىپ، ھەر بىر ئاكا - ئۇكا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئەنئەنىلىرىگە ۋە خەلقىنىڭ ئۇنى سۆيۈشىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم. دېمەك بۇ بولسا،

www.azizisa.org

مىللى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم پرىنسىپىدۇر. شىنجاڭدىكى ئاكا - ئۇكا 13 مىللەت مەدەنىيەتچىلىرى مۇندىن كېيىن مەزكۇر پرىنسىپ ئاساسىدا ھەر مىللەتنىڭ مىللى مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە مىللى ئىتتىپاقلىقىنى، بىرلىكىنى تېخىمۇ مەھكەم قولغا كەلتۈرۈپ، بىر - بىرىگە ياردەملىشىش، بىر - بىرسىدىن ئۆگىنىش، بىر - بىرسىنىڭ مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش ئىشلىرىنى يولغا سېلىش لازىم. بۇ ھەقتە ھەر بىر مىللەتتىن تەركىپ تاپقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك سەنئەت ئۇيۇشمىسى ئايرىم ئۈلگىلىك كۈچ كۆرسىتىشى لازىم تېپىلدۇ. نەمۇنىلىك رولنى ئوينىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چىك بوجاڭ دوكلادىدا يەنە شۇ يىل 3 - ئايدا مەركىزى خەلق ھۆكۈمەت مەدەنىيەت ۋەزارىتىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق پۈتۈن دۆلەتلىك مەدەنىيەت مەمۇرىيىتى كونفېرەنسىيەسى «ئۆلكە خەلق ھۆكۈمەت، مەدەنىي مەمۇرى ئورگانلىرىنى رەتلەش قارارى» نى مەمۇرى، سىياسى ئىشلار پالاتاسىدا تەستىقلاپ بۇيرۇق ئارقىلىق ئېلان قىلىندى. بۇ قارار ئەلۋەتتە مۇندىن كېيىن مەدەنىيەت ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلىنى چىڭىتىش بىلەن خىزمەت ئۈستىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تونۇش، مەسئۇلىيەتلىك ھالدا مەدەنىيەت ئىشلىرىنى رەتكە سېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. ئۆتمۈشتە شىنجاڭنى ئېلىپ ئېيتساق، بىزدە مەدەنىيەت ئورگانلىرىنىڭ كونكرېت تەشكىلى ئورگان مۇناسىۋەتلىرى رەتكە سېلىنمىدى. خۇسۇسەن ۋىلايەت، ناھىيەلەردە مەدەنىيەتكە خىزمەت قىلىدىغان مەخسۇس رەھبىرى ئورۇنلار ياكى مەخسۇس كادىرلار بولمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىيەت ئىشلىرى رەھبەرسىز، ئىگىسىز ھالدا قالدى ياكى بولمىسا رەھبىرى ئورۇنلار، كىشىلەر بۇ ئىشقا ئانچە ئېتىبار قىلمىدى. تېخى بەزى كىشىلەر مەدەنىيەت - سەنئەتنى ئويۇن، تاماشىلار دەپ چۈشۈنۈپ، ئۇنىڭ باشقا يېقىغا قارىغىسى كەلمىدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە مەدەنىيەت ئىشلىرى پىلانلىق، مەسئۇلىيەتلىك رەۋىشتە ئالغا باسالمىدىلا ئەمەس، ئاساسى يولنى تېپىپ ئىلگىرىلەشتىمۇ قىينالدى. بۇندىن كېيىن بۇنداق خاھىشنى ۋە كەمچىلىكلەرنى، بىپەرۋالىقلارنى تۈزىتىپ يوقۇتۇشىمىز لازىم. ۋىلايەت، ناھىيەلەردە، مەدەنىيەت رەھبىرى ئورۇن بۆلۈم - بۆلۈمچىلەر قۇرۇلغانغا قەدەر ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى مەدەنىي - مائارىپ بۆلۈمچىلىرى بۇ ئىشقا رەھبەرلىك كۆزىنى سېلىپ، رەھبەرلىك، جاۋابكارلىقىنى ئاشۇرۇشى لازىم.

يولداشلار! يۇقۇرقى مەسىلىلەر كونفېرەنسىيەدە مۇزاكىرە بولغان چىك بوجاڭنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ نىشانىسىنى بەلگىلىگەن ئاساسى دوكلادى ھەم بەزى مەخسۇس دوكلادلارغا ئاساسەن قىسقىچە قىلىپ ئېلىندى. ئەمدى كونفېرەنسىيەدە قارار قىلىنغان 5 تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپىنى تونۇشتۇرۇپ كېتىمەن:

1 - ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ۋە سەنئەتچىلەرنى مۇكاپاتلاش ھەققىدە:

كونفېرەنسىيە بۇندىن كېيىن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئىجادى قابىلىيىتىنى كۆتۈرۈش، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇستۇرۇش مەقسىدىدە ھەمدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققى قىلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ قارارنى چىقاردى. مۇكاپاتلاش ئىجادىيەت ھەر كىشىنىڭ يۈكسۈلۈشىنى [illegible] شەكىللەندۈرگەن ئىجادىيەت بىلەن خەلقنى تەربىيەلەشنى ۋە خەلقنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بېرىشنى نىشان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلغار ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئىجادى پائالىيىتىگە قاراپ ھەر يىلى بىر نۆۋەت مۇكاپاتلاش خىزمىتى يۈرگۈزۈلىدۇ.

مۇكاپاتلاش تەرتىۋى:

ئا - ئەدەبى - سەنئەت ئەسەرلىرى:

1 - دراما تراگېدىيە
2 - پوئېزىيە، پروزا، تەرجىمە ئىشلىرى،
3 - مۇزىكا، ئاھاڭ ئىجادىيىتى.
4 - ئۇسسۇل ئىجادىيىتى.
5 - رەسسام، نەققاشلىق.

ب - ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر:

1 - خەلق ئىچىدىكى سەنئەتچىلەر.
2 - رېجىسسورلار.
3 - ئارتىست - ئارتىستكالار
4 - دېكوراتورلار
5 - ناخشىچىلار
6 - مۇزىكانتلار
7 - ئۇسسۇلچىلار
8 - كىنو ئىشلار خىزمەتچىلىرى
9 - ئەدەبى - سەنئەت تەشكىلاتچىلىرى
10- ئەدەبى - سەنئەت تەرجىمانلار

ۋ - ئومۇملاشتۇرۇپ ئىجات قىلغۇچىلار:

www.azizisa.org

1 - ئىجادىيەت گۇرۇپپىلىرى

2 - ئومۇمى خىزمەت ئۆمىكى.

(بۇندىن باشقا مۇكاپاتلاش چارىسى ئايرىم خەۋەر قىلىنىدۇ).

بۇ ھەركەت بۇ يىل بىزدە بىر نەۋەت پەقەت يازغۇچى، بىر قىسىم رەسساملاردىن تەركىب تېپىپ ئۆتتى. قالغان ساھە قاتناشمىدى. مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار يالغۇز 6 مىللەت، قالغان مىللەتلەر قاتناشمىدى.

بۇ بولسا، بىزنىڭ كەمچىلىكىمىز. بۇندىن كېيىن ھەممىنى قاتناشتۇرۇش، ھەم ھەممە تىرىشىپ قاتنىشىشى لازىم. شۇنداقلا مەدەنىيەت - سەنئەتچىلەر ئىنقىلابى ۋە تەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىق روھىنى تەخمىنەن ژۇقۇرى ئىجتىمائى ئىسلاھات، 3 بۈيۈك ھەركەت ھەممە ئىشلەپ چىقىرىش ۋە قۇرۇلۇشلارغا ماسلاشتۇرۇپ يېڭى ئىجادى قابىلىيەتلىرىنى خەلق ئالدىدا نامايىش قىلىش بىلەن يېڭى - يېڭى ئىجادىيەتلەر بىلەن مەدەنىيەت - سەنئەت بايلىقىمىزغا ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشۇشى لازىم.

2 - كىنو خىزمىتى ھەققىدە:

«كىنو ئىشلىرىنى ھازىرقى سىياسى ھەركەتلەرگە ماسلاشتۇرۇپ، پىلانلىق ۋە مۇستەقىملىق ھالدا شەھەر، دېھقانچىلىق يېزا، چارۋا رايونلىرىدا كىنو قويۇش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ كۆلەملىك ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئاممىسىغا ئىزچىل رەۋىشتە كىنو كۆرسىتىش، ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەئلىم - تەربىيەگە ئىگە قىلىش ئىشلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن غەربى - شىمال مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ھەر بىر ئۆلكە، شەھەر مەدەنىي - مائارىپ ئورۇنلىرى، باشقارمىلىرى كىنو ئىشلىرىغا قارىتا رەھبەرلىك باشقۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىق بەلگۈلەش لازىم.

كىنو ئىدارە قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى، قويغۇچى كىشىلەرنىڭ سىياسى تەئلىم - تەربىيەسىنى كۈچلەندۈرۈپ، يېڭى جۇڭگو كىنوسىنىڭ تەشۋىق قىلىشتا، تەئلىم - تەربىيە بېرىشتە، ھەركەتلەندۈرۈشتە ئوينايدىغان رولىنىڭ [illegible] كىلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇ بۈيۈك قۇراللىنى ئىشلىتىشتىكى جىددى ئەھمىيەتلىكلىكىنى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىكى مۇقەددەسلىكىنى ۋە ئۇقۇمىنى بەلگۈلەشنى يەنە [illegible] تاپشۇرۇقلارنى تولۇق ئىجرا قىلىشتا ئۆزىنىڭ [illegible] ۋە بارلىق كۈچىنى تەقدىم قىلىشنى [illegible] كېرەك. ھەر بىر

كىنو قويغۇچى ئورۇنلارنىڭ كىنو قويۇش ئىشلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇنى تەكشۈرۈشتىن باشقىرى خەندىك، رادىيو، كىتاپ، گېزىت، ژۇرنال، رەسىم، كۆرگەزمە قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ھازىرقى بۈيۈك سىياسى ھەركەتلەرگە ماسلاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەئلىم - تەربىيەنى چوڭقۇرلىقىشىمىز لازىم».

(مۇندىن باشقا قارار يەنە ئايرىم مەمۇرى تارماقلارغا بار. بىز بۇ يەردە قىسقارتىپ ئالدۇق). دېمەك بىز ئۆتمۈشتىكى كىنو ئىشلىرىدا يۈز بېرىپ كەلگەن پۇل تېپىشتىلا زوق قۇرغۇچىلارنىڭ (بەزى مۇئەسسەسەلەر) خاتالىقلىرىنى يوقۇتۇش، كىنو ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەشۋىقات خىزمىتىنى خەلق ئىچىگە يېيىشقا كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك. كىنو ئىشلىرى ھازىرقى جەمئىيەتىمىزدە سىياسى تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ئويناش بىلەن خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك سەۋىيەسىنى كۆتۈرۈشتە مۇھىم تەئلىم - تەربىيەۋى رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق كىنو خىزمەتچىلىرى ئۆزىنىڭ يۈزىنى خەلققە قاراتىپ، خەلق ماسسىسىنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرۇش لازىم. ئۆلكىمىز كەڭ دائىرىلىك بولغۇنى ئۈچۈن ھازىر شەھەرلەردىلا كىنو كۆرگۈچىلەر بولۇپ، يېزا، ئاۋۇللاردا بىر يىلدا بىر نەۋەت كىنو كۆرمەيدىغان كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس. بىز ئاممىۋىلاشتۇرىمىز دېسەك، بۇندىن كېيىن ئەنە ئاۋۇال شۇلارنى كۆزدە تۇتۇشىمىز لازىم. يەنە كىنو ھەققىلىرى روسچە، خەنسۇچە تىلدا بولغۇنى ئۈچۈن خەلق چۈشەنمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق تەدبىرلەر قوللىنىش بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئىشلىرىنى ئىجرا قىلىپ خەندىك، گېزىت، ژۇرنال، كۆرگەزمىلەر ئارقىلىق ھەم قوشۇمچە تەشۋىق قىلىشنى يولغا سېلىش زۆرۈردۇر.

ھەركەتلىك كىنو ئەترەتلىرى بۇ يىل تەجرىبىسىزلىكىدىن ۋە ئىچقا پۇختا بولالىغىدىن ھەركەتلىك كىنو قويۇشتا نۇرغۇن كامچىلىكلارنى كۆرسەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇندىن كېيىن ئۆتمۈشتىكى ئاچچىق تەجرىبىلەردىن ساۋاق ئېلىپ، كامچىلىكنى تېز تۈزىتىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق ۋەزىپىسىنى دەرھال تۇتۇپ ئىلىشلىرى بىلەن بۇ قېتىمقى كونفېرېنسىيەنىڭ كىنو ئىشلىرىمىز ھەققىدىكى قارارىنى تولۇق ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش كېرەك.

3 - ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەك تىياتىرلار ھەققىدە:

«سەنئەت ئۆمىكى بىلەن تىياتىرلار سەنئەت خىز-

www.azizisa.org

مېتى بىلەن ئاممىغا تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم قۇراللىدۇر. شۇنىڭدەك تۈرلۈك سىياسى ۋە ئاممىنىڭ بىرلەشكەن كورۇك ئوتكۇلىدۇر. ئۇ خەلقىمىزنىڭ سىياسى، مەدىنىي سەۋىيەسىنى يۇقىرى كوتۇرۇشتە ئەڭ چوڭ رولنى ئويناي‌دۇ. ئۇلار (سەنئەت ئومەكلىرى) يالغۇزلا كەڭ كەملىك ئاممىغا يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىر جايلاردىكى سەنئەت خىزمەتلىرىنى، تەشۋىقى خىزمەتلەرنى قىلىشتىكى كۈچلۈك تەشكىلاتچى ۋە ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر. ھەردەرىجىلىك مەدىنىي، مەئمۇرى ئورگانلار، سەنئەت ئومىگى، تىياتىرلارغا قارىتا رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش لازىم. سىياسى، مەپكۇرە، كەسىپ رەھبەرلىگىنى كۈچەيتىشتە ھەر ئولكە، شەھەر مەدىنىي www.azizisa.org مىسى، ھەربىر ۋىلايەت مەدىنىي - مۇئارىپ بولۇملىرى ھەردەرىجىلىك سەنئەت ئومەكلىرىگە قارىتا رەھبەرلىكنى ئەڭ مۇھىم خىزمىتىنىڭ بىرسى دەپ تونۇشى لازىم. بەلگۈلەنگەن مۇددەت ئىچىدە سەنئەت ئومەك مەجلىسلىرى ئېچىپ (ئولكە، شەھەرلەر ئاز دېگەندە ھەر يىلى بىر قېتىم) كونكرېتنى خىزمەت ۋەزىپىلىرى، خىزمەت نىشانىنى موزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش بىلەن قاتتىق رەۋىشتە يولغا قويغان ئىشنى ئۈستىدە تەكشۈرۈش لازىم. رەھبەرلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سىياسى مەپكۇرە ۋە كەسىپ خىزمەت ئۈستىگە قويۇش لازىم. ئومۇمەن مەئمۇرى رەھبەرلىكتىن ئاشقىرى، ئۇلارنىڭ سىياسى، نەزەرىيە، كەسىپ، مەدىنىيەت ئوگۈنۈشىگە غەمخورلۇق قىلىپ ئىجادىيىتىگە، ئەسەرلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش ئىشلىرىگە رەھبەرلىك قىلىش بىلەن مەسئۇل كادىرلارنى جەلپ قىلىپ بەلگۈلۈك مەجلىسلەرگە قاتناشتۇرۇپ، بەلگۈلۈك ماتىرىياللارنى ئوقۇتۇش بىلەن سەنئەت، ئومەك، تىياتىرلارنى تەشكىلى ھالدا، سىستېمىلىق ھالدا بەلگۈلەنگەن مۇددەت ئىچىدە مەدىنىي — مۇئارىپ، (مەدىنىيەت باشقارمىسى - ئىدارە) لەرگە خىزمەت دوكلادى بەرىش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ھەقىقى رەھبەرلىكنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

ئىجادىيەت بولسا، خىزمەتنى ئومۇملاشتۇرۇشنى، كەسىپ ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى كوتۇرۇلۇشىنى بەلگۈلەيدىغان شەرتتۇر ......

ئىجادىيەت بولسا، ئەدەبى - سەنئەت ئومىگى، سانايى نەپىسە خىزمەتلىرىنىڭ ئەڭ مەركەزلەشكەن ھالقىسى بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇشنى رەۋاجلاندۇرۇش، كەسىپى ئىشلارنى يۇقىرى كوتۇرۇشنىڭ تۈگۈنىدۇر. ھەربىر ئولكە، شەھەر مەدىنىي - مەئمۇرىيەت ئورگانلىرى ئەلۋەتتە ئىجادى رەھبەرلىكنىڭ ئوز - ئارا ئالماشتۇرۇش پوزىتسىيەسىنى ئوزگەرتىپ كونكرېتنى ئەھۋاللارغا ئاساسەن مەخسۇس كىشىلەرنى ئىۋەتىپ گەۋدىلىك تەشكىلى رەھبىرى ئىجادى كادىرلارنى، ھەربىر مەزگىلنىڭ سىياسى ۋەزىپىلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، پىلانلىق ئىجادىيەت تەشكىللەندۈرۈش بىلەن پىلانلىق ھالدا ئۇنى كەڭەيتىش لازىم. ھەربىر ئولكىلىك (شەھەر) ئەدەبى - سەنئەت ئومىگى، سانايى نەپىسلىرى يۇتۇنلەي ئىجادىيەت گرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، ئاساسەن ئىجادىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىر يىلدا ئاز دېگەندە بىرچوڭ ياكى 3 كىچىك (بىر پەردىلىك) ئەڭ ياخشى سەھنە ئەسەرلىرى يارىتىش لازىم (كاسسەريت ئومەكلىرى بىرچوڭ ئومۇمى كورۇنۇش ياكى 3 كىچىك كورۇنۇش ئىجات قىلىش لازىم). رەھبەرلىكتە ئەدەبى - سەنئەت تەنقىدى ۋە ئەدەبى - سەنئەت موكاپات ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئىجادىيەت تالانتىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش بىلەن ئەسەر يازغۇچىنىڭ ئىشەنچىنى يۇقىرى كوتۇرۇپ يېزىلغان ئەسەرنىڭ مەپكۇرىۋى خاراكتىرى، تېخنىكا خاراكتېرىنى ئىزچىللىق بىلەن يۇقىرى كوتۇرۇش لازىم. ھەر ۋاقىتتىكى يەرلىك كونكرېتنى ۋەزىپىلەرگە ۋە ھەر ۋاقىتتا ئىجرا قىلىنىۋاتقان تەشۋىق - تەرغىب خىزمەتلىرىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىر ۋىلايەت ئەدەبى - سەنئەت ئومىگى، سانايى نەپىسلىرى كىچىك كۆچمە ئويۇنلىرى، غەزەل ۋە قىسقا ھېكايەچاقلار ئىجات قىلىش ئۇسۇللىرى بىلەن ئاممە ئىچىدە كەڭ دائىرىدە يېيىش كېرەك ..........

...خىزمەت جەريانىدىكى قالاقلىق ھادىسىلەرنى يېڭىش. ھەردەرىجىلىك سەنئەت ئومەكلىرى، سانايى نەپىسلەرنىڭ خىزمىتىدە گەرچە خېلى چوڭ نەتىجىلەر بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر قالاقلىق ۋە ئادىزىرقى ئەغىر كەمچىلىكلەر مەۋجۇت بولماقتا. بىزنىڭ ئەسىرىمىز ناھايىتى ئاز. سەھنىلەشتۈرگەندە ھازىرقى ھەر كەتتىكە ماسلىشىدىغان نەرسىلەرمۇ كوپ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە چوڭقۇر كىرىشىپ، بۇ يىل قىش پەسلىدىكى، كەلەر يىل باھار پەسلىدىكى يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ۋە زاۋودلاردىكى دېموكراتىك رېفورمالىرىغا ماسلاشتۇرۇش بىلەن

www.azizisa.org

ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ مەپكۇرىسىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىدۇرۇپ، خىزمىتىمىزدىكى بەزەن تەكەببۇرلۇقنى، تەركىنلىكنى، تارقاقلىقنى، قاتتىق ئىنتىزامسىزلىقنى، پىلانى خاراكتېرسىزلىقنى، تەشكىلسىزلىكنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسكى كەيپىياتلارنى يوقىتىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئورنىغا چىداملىق كۈرەشنى ئۆستۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئىلغار ئەنئەنىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، خىزمىتىمىزدىكى ئىجادى خاراكتېرنى ئۆستۈرۈپ، خىزمىتىمىزنى ھازىرقى سىياسى، ئىقتىسات ئۈچۈن ئىشلىتىشىمىز لازىم........

بۇ سەنئەت ۋە تىياتىر خىزمەتلىرى ئۈستىدە چىقارىلغان قارارنىڭ مۇھىم

www.azizisa.org

ھەر شەكىلدىكى (ئىتتىپاق تىياتىرلىرىمۇ قوشۇلۇپ) سەنئەت ئۆمەك ۋە تىياتىرلار مەزكۇر قارارغا چوڭقۇر ئېتىبار بېرىشلىرى تەلەپ قىلىنىدۇ. بىزدىكى سەنئەت ۋە تىياتىر ئۆمەكلىرىنىڭ بۈگۈنگە قەدەر خىزمىتىنىڭ يونۇلۇشىنى ۋە مەركىزى ئۇقتىسىنى تاپالماي جەمئىيەت تەلىۋىدىن كېيىن قېلىپ سۈرۈلۈپ كېلىشلىرى ئاساسەن سىستېمىسىنىڭ ۋە تەشكىلىنىڭ ساغلام ئەمەسلىكىدىندۇر. شۇنىڭدەك ئۆگىنىش ئىشتىياقلىرىنىڭ تۆۋەن، مەپكۇرە ۋالاقلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىندۇر. گەرچە كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ مەسىلىلەر بىر قەدەر ھەل بولدى. ئالغا سىلجىشلەر، يۈكسىلىشلەر بولسىمۇ، تېخى يېتەرلىك ئەمەس. بەزەن سەنئەتچىلەردە كونا قالاق ئادەتلەر بولغىنى ئۈچۈن خىزمەت ئۈنۈمىنى، تەشۋىقاتچىلىقى، تەربىيەچىلىك رولىنى زورۇرى كۆتۈرەلمىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بىردىن چوڭ ئۆزگىرىشنى تەلەپ قىلىپ بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، خۇسۇسەن ئىجادىيەت مەسىلىسىدە نەتىجىلەر ئاز. مەسىلەن: ئۇلۇغلۇق سەنئەت ئۆمىكى يەنە ئىجارىسىنى كەمەيتىش خىزمىتىگە قاتنىشىش ئالدىدا لايىقلىق يېڭى ماسلاشقان سەھنە ئەسەرلىرىنى ئالدىن تەييارلاپ ئىجات قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن خەلقى تەنقىدلەشلەر بولدى. بۇ، خىزمەت يۈزىدە ياخشى تەجرىبىدۇر. بۇندىن كېيىن كەلگۈسىدىكى ئىجتىمائى كۈرەش ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئالدىن ياخشى تەشۋىق رولىنى ئوينايدىغان سەھنە ئەسەرلىرىنى يارىتىش بىلەن بىللە، سەنئەت تېخنىكىسىنى، ماھىرلىقىنىمۇ چىڭىتىپ بېرىش بىلەن قولى ئېلىمىنى ئاساستا ئۆستۈرۈش لازىم. بىزدە قۇرۇق ئىشتاتنى كۆپەيتىش، ئىقتىسادى ياقا-

كى يوختۇلۇقنى تەلەپ قىلغۇچىلار ياكى بولمىسا، مەن سەنئەتچى، باشقا ئىش بىلەن كارىم يوق دېگۈچىلەر يانا يۈزىنى ئۈستۈن تۇتقۇچىلار، خەلقتىن ئۆگىنىشنى خالىمىغۇچى سەنئەتكارلارمۇ بار. يا بولمىسا، بىلگىنىنى مەھكەم تۇتۇپ ئېلىپ، باشقىنى ئۆگىنىشنى خالىمىغۇچىلارمۇ بار.

بۇ قالاقلىقلارنىڭ مەركىزى ئۇقتىسى مەپكۇرە ياقتىكى كېسەللىكتۇر. بۇ كېسەللىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن زۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن نەزەرىيەۋى ئۆگىنىشنى سەمىمىيلىق يوسۇندا تەرتىپكە سېلىش لازىم. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەردە خۇسۇسەن سەنئەتچىلەردە بەسبەرۋالىق، چىدامسىزلىق ياكى بولمىسا بىردىن زۇقۇرى بالداققا چىقىپ ئالدىن دەرىجىنى (ئىنۋاننى) تەلەپ قىلغۇچىلارمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار تېخى خىزمەت ئارقىلىق خەلققە سىڭدۇرمەي تۇرۇپلا خەلقتىن بەدەل سورىغۇچىلاردۇر. قىيىنچىلىقتا چىدىماي راھەتلىكنى تەلەپ قىلغۇچىلاردۇر. ئەگەر يانا مۇنداق خاھىشلار داۋام قىلىدىكەن ئۇ ۋاقىتتا بىز بۇ قېتىمقى كونفېرېنسىيەنىڭ روھىنى ئۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرەلمەيلا قالماستىن، ئېلان قىلغان مۇھىم قارارلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەتچى يولداشلارنىڭ بۇنداق قالاقلىقلار بىلەن كەسكىن كۈرەشىپ ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىشى ۋە ئالدىمىزدىكى ئۇلۇغ كۈرەشلەر قاينىمىدا پىشىپ يېتىلگەن - يېڭى سەنئەت ئوسلۇبلىرى بىلەن خەلقلىق خىزمىتىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا چاقىرىمىز.

4 - كونا ئوپېرا سەھنە ئەسەرلىرىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى: غەربى - شىمالدا ئوپېرا ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىختا مەكە بولۇپ ئۇ ھەممە يەرگە تارالغان، يەرلىكلەرگىمۇ قانات ياققان. ئانا كەلگۈسىدىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. بىز مەركىزى خەلق ھۆكۈمەت سىياسى ئىشلار كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسلىنىپ، ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە ئاكتىپ كىرىشىشىمىز لازىم. ھەركىز ئىشنى ئۆزىچە يۈز بېرىشكە قويۇپ بەرمەستىن شۇنىڭدەك ئالدىرىماستىن، ئىتتىپاق بولۇش، تەنقىد - تەربىيە بېرىش، ئۆزگەرتىش، تەكشۈرۈش، ئەمگەكنى قەدەم بىلەن ئالغا بېسىش، يونۇلۇشقا ئاساسلىنىپ، ئوپېرالارنى خەلقنىڭ ئىنقىلابى كۈرەشتە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىكى تەربىيىلىگىنى ۋەزىپىلەندۈرۈ مۇھىم قورال قىلىش لازىم......»

ۋ مەسىلىدە سىنىپىي ئاڭنى تەلەپ ئەمەلدا ئا-

www.azizisa.org

لاھىدىلىك بار. چۈنكى كونا سەھنە ئەسەرلىرى چاڭ-
شى ئاساسەن خەنزۇ مىللىتى ئىچىدە كۆپرەك مەۋ-
جۇت. بىر يىلدىن بۇيان كونا سەھنە ئەسەرلەرنى تەر-
تىپلەش ئىشى دىگەندەك يولغا سېلىنمىدى. خۇسۇسەن
(چاڭ شى) مەدەنىيەت باشقارمىسىمۇ بۇ مەسىلە ئۈستىدە
دىگەندەك كۈچ چىقىرالمىدى. بۇ تارىخى ئەھمىيەتـ
لىك مەسىلىنى قانداق بولمىسۇن تەرتىپكە سېلىش كېـ
رەك بولىدۇ. شىڭجاڭدىكى خەنزۇ مىللىتىدىن باشقا
مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېزىلغان سەھنە ئەسەرلىرى
تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئوبدان نەتىجىلەر قازاندى.
مەدەنىيەت باشقارمىسى 51 - يىللىق تەكشۈرۈشىدە
148 سەھنە ئەسەرىنى
www.azizisa.org
ۋىنى ئاللاپ، بەزى نامۇۋاپىق ۋە ئەدەبىي مەپكۈرىدىكى
سەھنە ئەسەرلىرىنى رەتتىن چىقىرىپ قويماسلىقتا ئەمەلان
قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ مەسىلە ياناداۋاملىق داۋام ئىلداۋۇ.

گۈزۈلۈش زۆرۈر. بەزى ئۆزگىرىشكە بولىدىغان
ئەسەرلەرگە كۆپرەك دىققەت قىلىپ، ئىلاجىنىڭ بېرى-
چە يازغۇچىلار غا ياردەم قىلىپ، يولىيورۇق كۆرسىتىپ
ياخشىلاشقا، تولۇقلاشقا تىرىشىش تەكشۈرۈشكە قاتـ
ناشقۇچى يولداشلارنىڭ ئايرىمچە دىققەت قىلىدىغان
نۇقتىسىدۇر.. مەدەنىيەت باشقارمىسى تەكشۈرۈش كا-
مىسسىيىسىنى تەخمىنەن كېڭەيتىپ كوناسەھنە ئەسەرلىرى-
نى (قايسى مىللەت بولمىسۇن) تەكشۈرۈشنى، تۈ-
زۈتۈشنى قوشۇپ ئېلىپ بېرىش بىلەن يېڭى ئىجادى
ئەسەرلەرنى قەتئىيلىك بىلەن تەكشۈرۈش ۋە تۈزۈ-
تۈش، ئىسلاھ قىلىشنى يولغا سېلىش لازىم.

بىزدە يەنە بىر چوڭ چۈشەنمەسلىك بار. ئۇ بول-
سىمۇ، كونا نەرسە، كېرەكسىز دىگەن قاراشلارمۇ يوق
ئەمەس. بۇ خاتا قاراشدۇر. بىز تارىختا تەنقىدى
كۆز بىلەن قارايمىز. تارىختىكى ياخشى نەرسىلەر-
نى قوبۇل قىلىمىز، ناچار (فېئوداللىق، تەتۈر ئىنـ
قىلابى) نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلايمىز. بۇ ئەلۋەتـ
تە كونىنى ئىسلاھ قىلىشدۇر. ھەر مىللەتنىڭ تارى-
خى ئىرادىتسىيەلىك نەرسىلىرى، بارلىق نەرسەكەلـ
گۈسىدىمۇ قىممىتىنى يوقاتماي، ئەڭ ئالى جەمئىيەت
تەرەققىياتىدىمۇ بىز بىلەن بىللە بارالايدۇ. دىمەك بىز
بۇ ياقلىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

يەنە بىر مەسىلە، مەيلى كونا، مەيلى يېڭى
ئىجادى ئەسەرلەر بولسۇن، بۇندىن كېيىن ئوچۇق تەنـ
قىت ۋە مۇنازىرىلەر بىلەن تولۇقلاشقا تىرىشىش كېرەك.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئوچۇق تەنقىتنى سىستېمىلىق يوسۇندا يۈر-
گۈزۈش توغرى كېلىدۇ. بىز بۇ ئىشقا قەتئىيلىك بىلەن
ئاتلىنىشىمىز لازىم.

خەلىق مەدەنىيەت قىرائەتخانىلار ھەققىدە:

«خەلىق مەدەنىيەت خانىسى بولسا، ھەر دەرى-
جىلىك مەدەنى ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا
ھەر بىر جايلاردىكى شەھەر، قىشلاق، ئاۋۇللاردى-
كى جەمئىيەت ئارىسىدا مەدەنىيەت ھەرىكەتلىرىنى
يۈرگۈزىدىغان مەركىزى خىزمەت ئورنىدۇر.

ئومۇمى پروگراممىنىڭ مەدەنى - مائارىپ سىيا-
سىتىگە ئاساسەن، ھەر يەر شۇ يەرنىڭ مەركىزى ۋە-
زىپىسىنى مەدەنى - مائارىپ، تۈرلۈكچە كىلىملىك خىز-
مەت شەكىللىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئەتراپتىكى ئاممى-
غا، خۇسۇسەن ئىشچى، دىخان ئاممىسىغا تەقىم مەسى-
لىسىنى، سىياسەت، قانۇنلارنى تەشۋىق قىلىپ، سىيا-
سى، مەدەنى تەئلىم - تەربىيە يۈرگۈزۈش بىلەن ئۇلار-
نىڭ بىلىمىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپ چىقى-
رىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ جوڭگور رەۋىشتە ۋەتەن-
پەرۋەرلىك تەئلىم-تەربىيەنى ئومۇملاشتۇرۇپ خەلىق-
نىڭ سىياسەت بىلەن تونۇشىشىنى، سىنپى ھەسسىياتىنى،
پەننى سەۋىيەسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش لازىم....»

شىڭجاڭدا مەدەنىيەت ئورۇنلىرى (قىرائەتخا-
نىلار، خەلىق ئاقارتىش يۇرتلىرى) ئىجتىمائى مەدى-
نىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا ئۆزىنىڭ رولىنى ئوي-
نىيالمىدى. ئۇلار يالغۇز كىچىك دائىرىلىك قىرائەتـ
خانىلار ئىچىدىن چىقالمىدى. خەلىقنىڭ ئېھتىياجىغا
قاراپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ۋە خەلىقنىڭ مە-
دەنىيەت سەۋىيەسىنى كۆتۈرۈشتىكى كونكرېت مەسىلى-
لەر، ئەقىدىكى ئاساسى كۆرگەزمىلەرگە ماسلاشتۇرۇپ
خەلىققە پەننى لېكسىيە سۆزلەش، ساۋاتسىزلىقنى يو-
يۇش، تاختا گېزىتلىرى، رەسىملىك سان، تۈرلۈك
كۆرگەزمە تەشۋىقلىرى، تۈرلۈك ئىلمى سوھبەت مەج-
لىس، راديو ئورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ تەشۋىق قىلىش
ئىشلىرىنى قىلالمىدى. خەلىق بىلەن مەھكەم بىرلى-
شەلمىدى. خەلىقنىڭ پىكىرىگە قۇلاق سېلىش (پى-
كىر سانلىقى ئار قىلىق) خەلىق ئىچىدىكى بىر مە-
دەنىيەتنى ئالغا سۈرۈشتە ياردەملىشىش (خەلىق
ئىچىدىكى سەنئەتچىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشتا) ئىشلىرى-
نى ئېلىپ بارالمىدى. كونا ئەسارەتتە ۋە ئىنـ

www.azizisa.org



«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى 1951 - يىلى 4 -5. سان. ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تورى www.azizisa.org

ئىنقىلابىي ئەسەر - ئەدەبىيات، ئاكتىپ ماتېرىياللار - ئەسەرلەرنى توپلاش رەتلەش ئىشلىرىنى قىلالمىدى .

توغرا، بۇ يەردە مەدەنىيەتكە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ تەشكىلىي يېتىشسىزلىكى ئارقىسىدا مەدەنىيەت ئورۇنلىرىغا - قىرائەتخانىلارغا قارىتا رەھبەرلىك رولى دېگەندەك كونكرېت ھالدا قويۇلۇپ كەلمىدى . بۇنىمۇ ئەسلەپ ئۆتمەي بولالمايدۇ .

بۇندىن كېيىن خەلقنىڭ يېڭى دەۋر مەدەنىيىتىنى كۆتۈرۈشتە خەلق مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ئاساسىي رولنى ئوينىشى كېرەك . چۈنكى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە خەلق مەدەنىيەت ئورۇنلىرى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدۇ . شىنجاڭ بويىچە بۈگۈنگە قەدەر خەلق مەدەنىيەت www.azizisa.org كىچىك دائىرىدە خەلق ئاقارتىش ئورۇنلىرى ياكى قىرائەتخانا تەرىقىسىدە ئىشلەپ كەلمەكتە ) مۇئارىپ نازارىتى رەھبەرلىك قىلماقتا . يېڭى خىزمەت تەرتىپى بويىچە مەدەنىيەت باشقارمىسى رەھبەرلىك قىلىش كېرەك . گەرچە مۇشتە بۇ ھەقتىكى بەزى ئىش ئۈستىدىكى رەھبەرلىكلەرنىڭ ئېنىق بولماسلىقىدىكى سەۋەبى مۇشۇ يەردە .

ھازىرچە يېڭى مەدەنىيەت باشقارمىسى رەسمىي ئۆتكۈزۈپ ئالغىچە يەنە قىرائەتخانا، خەلق ئاقارتىش يۇرتلىرى مۇئارىپ نازارىتى قارمىقىدا بولىدۇ .

شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئىش ئۈستىدىكى ئاساسىي پرىنسىپنى تونۇپ ئېلىشىمىز لازىم . كونفېرېنسىيەنىڭ قارارى بويىچە بۇندىن كېيىن ئىسىم ياقتىنمۇ « خەلق مەدەنىيەت ئورۇنلىرى » دەپ يۇرۇتۇلۇشى ھەم ئۇنىڭ ئىش دائىرىسىمۇ كەڭيىيىشى كېرەك . ( تەشكىلىي ۋە ئىش دائىرە جەھەتتىكى قارارنى ئايرىم تونۇشتۇرىمىز ) .

خەلق مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ئۆزىنى خەلقىقە تارقىتىپ، خەلقىمىزنىڭ سىياسىي، پەننىي، مەدەنىي سەۋىيىسىنى كۆتۈرۈشتە ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئاتلىنىشلىرى لازىم .

مەدەنىيەت سەپىدىكى يولداشلار !

بىزنىڭ ئالدىمىزدا زور مەدەنىيەت كۈرەشى تۇرۇپتۇ، بۇ كۈرەش بولسىمۇ، ماۋزېدۇڭ دەۋرىنىڭ مەدەنىيىتىنى تىكلەشتۇر . بۇ كۈرەشنى غەلىبىلەر بىلەن تۈگىتىش ئۈچۈن ھەممىمىز بېرىدەك كۈچ سەرپ قىلىشىمىز كېرەك . ئۆتمۈشتىكى مەدەنىي ئىشلىرىمىزنىڭ يوقۇلۇش، نىشان، سىستېما ۋە كەسىپ جەھەتتىكى پۈتۈن كامچىلىقلىرىمىزغا دىققەت قىلىپ، بۇ كامچىلىقلارنى تېزدىن يوقۇتۇش لازىم . بۇ قېتىمقى غەربىي - شىمال بويىچە ئېچىلغان مەدەنىيەت مەئمۇر يىغىنى كونفېرېنسىيەنىڭ روھىنى ۋە قارارلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئۇنى كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىمىزنىڭ نىشانى ۋە ئاساسى ۋەزىپىسى قىلىپ بەلگۈلەپ ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشىمىز ناھايىتى مۇھىم زۆرۈردۇر . ئالدىمىزدا ئاجايىپ زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىجتىمائىي كۈرەش، ئىجتىمائىي ئىسلاھات كېتىپ بارماقتا . پۈتۈن مەدەنىيەتچىلەر ئۈستۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن بۇ كۈرەشكە ئاتلىنىپ، ئۆزىنىڭ تولۇق ھەسسىسىنى قوشۇش لازىم بولىدۇ.

يەنە بۇ قېتىمقى غەربىي - شىمال مەدەنىي - مۇئارىپ ھەيئىتىنىڭ 3 - سانلىق مەجلىسىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك مۇسابىقىنى يۈرگۈزۈش قارار قىلىندى .

بىزنىڭ ئۆلكە بويىچە مۇسابىقە 52 - يىلى 5 - ئاينىڭ بېرىگە قەدەر ئۆتكۈزۈش ئالدىدا تۇرىمىز . مەدەنىيەت ساھەسىدە مەدەنىيەت ئەمگەك نەمۇنىلىرىنى ئاللاپ چىقماقچىمىز . بۇ بۈيۈك ھەركەتكە پۈتۈن مەدەنىيەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ يېڭى پائالىيەتلىرى ۋە يېڭى ئىجادى تۆھپىلىرى بىلەن قوشۇلۇشى كېرەك . « مەدەنىيەت ئەمگەك نەمۇنىچىسى » دېگەن شەرەپلىك نامنى ئېلىشقا ئىجتىھات قىلىش كېرەك . بىزنىڭ بۈگۈنكى بارلىق مەدەنىي ھەرىكىتىمىز، ئىجادىيىتىمىز ئالدىمىزدا يۈز كۆرۈۋاتقان 3 بۈيۈك ھەرىكەت ۋە بۈيۈك ئىشلەپ چىقىرىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى، شۇنداقلا ئۈستۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى ئەمگەكلەش بىلەن خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىدىمۇ مەدەنىيەتچىلەر پائال رولنى ئوينىشى كېرەك .

ستالىن : « سەنئەتچىلەر ئىنسان باللىرىنىڭ روھى ئىنژېنېرلىرى » دېگەن يۈكسەك نامنى بەرگەن ئەلۋەتتە بۇ يۈكسەك نامنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن شۇنىڭغا لايىق تەربىيەچى بولۇشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ . بۇ ھەر بىرىمىزنىڭ ھەر مىنۇتتا ئەسلىشىمىزگە تېگىشلىك بولغان ئۇلۇق شوئاردۇر .

پۈتۈن سۆزىمىزنى ناھايىتى قىسقا خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەرلىك مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، نامە ۋىلاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتىن ئىبارەتتۇر ،

www.azizisa.org

# بىرىنچى نوۋەتلىك شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلەر مۇسابىقىسىنىڭ خۇلاسىسى

ئۆتمۈشنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئەلىمىزنىڭ بارلىق تەرەققىياتىنى بوغۇپ تاشلىغان ئىدى. جاھانگىرلىك ئەجاۋۇز ۋە فېئوداللىزملارنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا ئېزىلگەن خەلقىمىز سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىن خارلىق تارتىپ، ئېغىر دەرت چەككەن ئىدى. ئۆلكىمىز شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئەنە شۇ ئېزىلىش ئاستىدا ئۇزۇن زامان يانچىلىپ كەلدى. جۈملىدىن ھەر مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى جاھانگىر ۋە فېئوداللار نەرخىسىدىكى رېئاكسىيون ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ئاياق ـ ئاستى قىلىندى. ئۆتمۈشتە ئۆزىنىڭ كلاسسىك مەدەنىي بايلىقلىرى بىلەن تونۇلغان خەلق، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئىدى. گەرچە كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەدەنىيەت www.azizisa.org ئېغان بولسىمۇ، ئۇ، كۆپچىلىك مېھنەتكەش خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلالمىدى. رېئاكسىيونلار ھاكىمىيىتى مەدەنىيەتنى خەلق ئۈچۈن ئىشلىتىش يولىنى توساپ خەلقنى قاراڭغۇلۇقتا تۇتۇپ كەلگەن ئىدى.

ئۆلكىمىز ئازات بولغاندىن كېيىن جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمىزنىڭ غەمخورلىقى ئاستىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى مېھنەتكەشلەرنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈشكە باشلىدى. خەلق ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ شەكلى مىللىي، مەزمۇنى يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيىتىنى تىكلەش ئۈچۈن ئوبدان يول ئېچىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمۇ يېتىلىشكە باشلىدى. كومپارتىيەمىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ ماۋزېدۇڭچە توغرى نىشانىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۆتكەن يىل ئۆتكۈزۈلگەن غەربىي ـ شىمال ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى ۋە ئۆلكىلىك مەدەنىي ـ مائارىپ ھەيئىتىنىڭ ئۆتكەن يىلقى كونفرېنسىيەسىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ يۈزلىنىشى، ۋەزىپىسى ھەققىدىكى قارارى شىنجاڭدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە خېلى چوڭ ئىلھام بەردى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى ۋە ئۆلكىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنى تەييارلىق ھەيئىتى مەزكۇر قارارلارغا ئاساسەن بىر ھەددە بىر قەدەر ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. گەرچە بۇ خىزمەت قانائەتلىنەرلىك بولمىسىمۇ، ئىش قىلىپ بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خېلى يېڭىلىقلارنى بارلىققا كەلتۈردى. كونا سەنئەت ئەسەرلىرىنى تەكشۈرۈش، ئۆزگەرتىش، تىياتىرلار ئۈچۈن يېڭى كىتاب ۋە يېڭى كونسېرت نومۇرلىرى ئىشلەش، قىسمەن بولسىمۇ، ئىجادىيىتىمىزدە مۇزاكىرە يۈرگۈزۈش، خەنزۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى تونۇشتۇرۇش «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىش، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى رەتلەپ رەۋاجلاندۇرۇش ھەرىكىتى ۋە مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرۇش، قاتناشتۇرۇش ئىشلىرى ئۆلكىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىدە ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان ئۇزۇن ياخشى نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئەدەبىي ـ سەنئەت ئەسەرلىرى مۇسابىقىسى ئازاتلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىك بىر ۋاسىتىسىدۇر. ھەقىقەتەنمۇ بىزگە شىنجاڭ ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى بىلەن چوڭقۇرراق تونۇشۇشقا توغرى كەلگەن ئىدى. شۇ نەتىجىگە قاراپ ئۇتۇق ۋە كەمچىلىكلىرىمىز ئۈستىدە كونكرېت مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم ئىدى. شۇنداقلا بۇ خىزمەتنىڭ ياش ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولۇشى، ئەمدىن كېيىن قانداق نەرسىلەر ئۈستىدە قانداق ئىشلەش توغرىسىدا كونكرېت مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ئومۇمەن بۇ ئەھۋاللىرىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ رەۋاجلىنىشى ئۈچۈن خېلى ياخشى بىر يارەمچى بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلكىلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى تەرىپىدىن مۇشۇ يىل 4 ـ ئايدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلەر مۇسابىقىسىنى ئېلان قىلىپ، مۇسابىقىگە تەقدىم قىلىنىدىغان ئەسەرلەرنىڭ پىرىنسىپى بەلگىلىنىپ

www.azizisa.org

بەرىلگەن ئىدى. 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا مۇسابىقىغا كەلگەن ئەسەرلەر ئۈستىدە رەسمى تەكشۈرۈش باشلاندى. بۇ مۇسابىقىگە ... كىشى قاتناشتى. مۇسابىقىگە قاتناشقان ئەسەرلەر ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بارلىق ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ. يەنى - ئەدەبىياتنىڭ بۈگۈن موجۇت بولغان ساھەسى، سەنئەتنىڭ بولسا پەقەت رەسىم، ھەيكەلتاراشلىقتىن ئىبارەت قىسمىدىن باشقا ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مۇندىن باشقا ساھەسى (ئاھاڭ ئىجاد قىلىش، ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش، سەھنە ئەسەرلىرىدە رول بەجىرىش ۋە باشقا سەنئەت شەكىللىرى) ئۈستىدە بۇ يىل مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ تولۇق ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن كېيىنگە قالدۇرۇلغان ئىدى.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار ئۆلكىمىزدە ياشىغۇچى ئون ئۈچ مىللەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋەكىللىرىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالالمىدى. شۇنىڭدەك بەزى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەنلىكتىن ئەڭ بولمىغاندا بىر قانچە ئەسىرى بۇ يەردە تەرجىمە قىلىنمىغانلىقتىن ئۇلار قاتنىشالماي قالدى. خەنزۇدىن بىزگە ئايرىم ئەسەرلەر كەلمىگەنلىكتىن، شۇنىڭدەك شىنجاڭ خەنزۇ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى شىنجاڭ جەنۇبىي رايون مەدەنىيەت بۆلۈمى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇسابىقىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭغا قاتناشمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇسابىقە نەتىجىسى (بولۇپمۇ «ئىتتىپاقلىشىپ يېڭى شىنجاڭ قۇرايلى» دېگەن ئەسەر ۋە باشقىلار) ئۈستىدە بىزنىڭ مۇسابىقە ھەيئىتى ئۆز پىكرىنى ئايرىم چىقىرىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، شىبە، تاتار، رۇس مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان مۇسابىقە ئىشتىراكچىلىرىنى مۇسابىقە ھەيئىتى شۇ مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ ئاساسى ۋەكىللىرى دەپ تونىيدۇ.

مۇسابىقە ئاساسەن ئۈچ ساھە - شېئىر، پروزا (پيەسسا ۋە ئايرىم ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ پروزا بىلەن بىرگە تەكشۈرۈلدى)، رەسىم، (ھەيكەلتاراشلىق بۇ ساھە ئىچىدە) لەر بويىچە تەكشۈرۈلدى.

تەكشۈرۈش ۋە خۇلاسە چىقىرىشتا دىققەت قىلىنغان نۇقتىلار - ئەسەرنىڭ تارىخى ئەھمىيىتى، تەربىيەۋى رولى - (قايسى دەۋردە يېزىلغان بولسا ئۇ، شۇ ۋاقىتتا ئوينىغان رولى، ئىنقىلابى ئاكتىۋلىقى)، سەنئەتى ۋە تارىخى كۆز قارىشى، قايسى سەنئەتنىڭ مەيدانىدا تۇرغانلىقى (قانداق ئىدىيالوگىيە مەپكۇرىنى ئەكس ئەتتۈردۇ)، گۈزەللىكى (ئەدەبى ماھارەت، ئامېۋىلاشقان خارەكتىردىمۇ ياكى تومانلىقمۇ، خەلقچىل ئەدەبىياتىدىن پايدىلىنىش دەرىجىلىرى قانداق) ئوخشاشلاردىن ئىبارەت بولدى.

ھەر ھالدا ئازادلىقتىن كېيىن بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەزمۇن ۋە سەنئەت جەھەتتىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئالغا باسقانلىقى، ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا كىرىشكەنلىكى مۇسابىقىدا ئەنىق كۆرۈلدى. شۇنداقلا ئەدەبىيات - سەنئەت كادىرلىرىنىڭ پائالىيىتى باھالاندى.

نەتىجىدە زىيا سەمەدى (ئۇيغۇر)، «ئانلىق داغ» پيەسسىسى بىلەن تېيىپ جان ئەلىيېۋ (ئۇيغۇر) ئۆزىنىڭ پوئېما ۋە شېئىرلىرى بىلەن غاياز ئىسھاق (تاتار) ماۋزەدۇڭ ھەيكىلى بىلەن بىرىنچى دەرىجىگە ئىگە بولدى.

زىيا سەمەدىنىڭ «ئانلىق داغ» پيەسسىسىنى مۇسابىقە ھەيئىتى ئۆلكىمىزدىكى سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئالدى دەپ باھالىدى. گەرچە پيەسسىدە سىنىپى كۆرەش دېگەندەك ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ (بۇ ئەلۋەتتە ئاپتورنىڭ كۆپرەك ئىشلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ). جەمئىيىتىمىزدە ئۆزىدىن بەزى ياخشى رول ئوينىغان خەلقىمىزگە تونۇش ئەسەردۇر.

تېيىپ جان ئەلىيېۋنىڭ شېئىرلىرىدا ۋە كىچىك ئېپىك پوئېمىلىرىدا زامانىمىزنىڭ ئاكتىۋال تېمىلىرى خەلق ياشى ئىپادىلەنگەن. گەرچە ئاپتور تېخى ئىجادىيەتتە بالاغەتكە يەتمىگەن بولسىمۇ، مۇسابىقە ئۇنىڭ ئەمگەكلىرىنى مۇسابىقىغا كەلگەن شېئىرلارنىڭ ئالدى دەپ باھالىدى.

غاياز ئىسھاق - ئۆلكىمىزدە تېخى ھەيكەل قىلىپ باقمىغان ماۋزەدۇڭ ھەيكىلىنى ئىشلەپ مۇۋاپپەقىيەت قازاندى.

بۇ ئۈچ ئاپتور مۇسابىقە ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئالدى دېگەن نامغا ئەنە شۇنداق ئىگە بولدى.

ئۇندىن باشقا ئەلقەم ئەختەم (ئۇيغۇر)، ئابدۇقارا (قازاق) ئابلىز نازىرى (ئۇيغۇر) قۇرمانغالى، نىغمەت، ئەلمۇبەك (قازاق) بۇلارنىڭ ھەممىسى شېئىرلار بويىچە، زۇنۇن قادىرى (ئۇيغۇر)

www.azizisa.org

www.azizisa.org

يۈسۈپبەك مۇخلىسوۋ (ئۇيغۇر) ۋاگەدىڭ (شىۋە) بۇلار پىروزا، پەمسىلەر بويىچە، — پ. كالاكولتسىق (رۇس) رەسىملەر بويىچە 2 - دەرىجىگە ئېگە بولدى. بۇ ئاپتورلارمۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىمىزنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

كەنزەي (موڭغۇل)، قاجىغۇمار (قازاق)، تۇرغۇن ئالماس (ئۇيغۇر) رەخمىتۇللا (قازاق) د. تۇرەخمەتوۋ (ئۇيغۇر)، قۇرمانباي (قازاق)، ئاياغان (قازاق)، مىرزابەك (قازاق)، غەنىزات غەيۇرانى (ئۇيغۇر) بۇلارنىڭ ھەممىسى شېئىرلار بويىچە، - ئەيسا يۈسۈپ (ئۇيغۇر)، گوجىنەن (شىۋە)، ئابدۇقادىر زۇنۇنى (ئۇيغۇر) گويېڭ كەنۇي (شىۋە) لەر (پىروزا ۋە پەمسىلەر بويىچە)، ئابدۇخالىق ئۆمەرى (ئۇيغۇر) رەسىم بويىچە 3 - دەرىجىگە ئېگە بولدى.

www.azizisa.org

ئاپتورلارنىڭ ئىچىدىن زور تالانت ئىگىلىرى ۋە خەلقلى گەۋدىلىك ئىجادىيەتلەر مەيدانغا كېلىشىگە ئىشەنچىمىز بار

باتۇر راشىدىن (ئۇيغۇر)، جاپپار ئەھمەت ئۇيغۇر) شاۋخۇا (شىۋە)، باۋما (موڭغۇل)، يۈسۈپ ئىلياس (ئۇيغۇر)، تۇرسۇن قاھھارى (ئۇيغۇر)، ناسىر ھەسەن (ئۇيغۇر)، ئۆمەر ئىمىن (ئۇيغۇر)، ئابدۇرەھىم يۈسۈپ (ئۇيغۇر)، ياقۇپبەك (قازاق)، ئابدۇكېرىم ساتاددەۋۇ (ئۇيغۇر)، نۇرپولات (قازاق)، تاجىدىن قادىر (ئۇيغۇر) - بۇلار شېئىر ۋە پىروزا بويىچە، — ئەھمەت ھەمتى (ئۇيغۇر) رەسىملەر بويىچە - تۆرتىنچىلىكنى ئالدى. ئۆز ئىجادىيىتىدە مەزمۇن ۋە گۈزەل سەنئەتنى ئاكتۇئال مەسىلىلەرنى ئىپادىلەشتە بىر قەدەر رولى بولغان بۇ ئاپتورلارنىڭ ئىچىدىمۇ زور تەلپۈنۈش بىلەن ئۆسۈۋاتقانلار خېلى بار. بۇلارغا ئەلۋەتتە كۆپرەك ياردەم بېرىپ ئۆستۈرۈش ناھايىتى زۆرۈر.

يۇقۇرىدىكىلەردىن باشقا يەنە بىر قانچە ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى مۇسابىقىدە تەكشۈرۈلدى. مەسىلەن: قۇربان ئىمىن، مەھەممەت ئىمىن يۈسۈپ، رامازان ئوسمانوۋ، ئەھمەت يونۇس، ئەزىز ئۆمەرلەر بۇ ئاپتورلار تېخى ئىجادىيەتتە خامراق. بۇلارغىمۇ ياردەم كېرەك. ئەلۋەتتە جىددىراق ياردەم كېرەك. مۇسابىقىمىزنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئەنە شۇنداق.

1 - ئەمەللەرنى يېزىش ۋە ئاكتۇئاللىقنى تونۇش ھەققىدىكى مەسىلە - رەئىس ماۋزېدۇڭ جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىگە ئالدى بىلەن كىمنى يېزىش كېرەك دېگەن مەسىلىگە «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرنى يېزىش كېرەك» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. بىزنىڭ ھازىر ئالغان ئەمەللىرىمىزدە دېھقانلار ھاياتى بىر قەدەر ئەكس ئەتتۈرۈلدى. لېكىن دېھقانلار ھاياتىدىكى قايسى مەسىلىلەرنى تاللاپ يېزىش سىياسەت ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىدۇ دېگەننى يولداشلار تېخى يېشەلمىگەن. تۇرغۇن ئاپتورلار مۇشۇ كەمگىچە ئۆتمۈشنى كۆرسىتىش دەرىجىسىدىن «بۈگۈنكى كۆرەشنى كۆرسىتىش» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمەۋاتىدۇ. بۇنىڭغا نەغمەت مېڭجاڭنىڭ «قارلىغاش» دېگەن پوئېمىسى بىلەن قاجىغۇمار شايدانوۋنىڭ «ئويۇندىن ئوت» دېگەن ھېكايىسى تولۇق مىسال بولالايدۇ. گەرچە ئاپتورلار بۇ نەرسىلەر ئۈستىدە خېلى كۈچ چىقارغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى ئاكتۇئال تېمابىلا ئالماسلىقى بىلەن خەلق ئالدىدا دېگەندەك ئالقىشقا ئېرىشەلمەيدىغانلىقى تەبىئىي

بۇنىڭدىن بىز ئۆتمۈشنى كۆرسىتىشنى تولۇق توغرا بولمايدۇ دېگەن مەنىنى كەلتۈرۈپ چىقمايدۇ. بىز ئۆتمۈشنى تېخى تولۇق يازالمىدۇق. ناھايىتى ئازيازدۇق. بىز ئەلۋەتتە ئۇنى تولۇق ئىنىقراق قىلىشقا تەكىشلىكمىز. گەپ بۇ يەردە بۈگۈنكى جىددىي كۈرەش مەسىلىلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەك دېگەن مەنىدە كېتىۋاتىدۇ. ھازىر جەمئىيىتىمىزنىڭ مەزمۇنى ئۆزگەردى. ھاياتتا يېڭى - يېڭى كۈرەش، يېڭى بۇرۇلۇشلار بار. ھازىرقى دېھقانلار بۇرۇنقى دېھقانلار ئەمەس. بۇرۇن ئۇلار ئېزىلىشتىن بۆلەكنى كۆرمىگەن خەلق بولسا، بۈگۈن ئۇلار قەددىنى كۆتەرگەن ۋە شۇ ئېزىلىشنى ئاغدۇرۇپ تاشلاۋاتقان جاڭگىۋار ئوترەد. دېمەك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن يېڭى - يېڭى تېمىلار بارلىققا كەلمەكتە. مۇنداق قىزغىن كۈرەشنىڭ سۈرىتىنى كۆرسەتمەي بولامدۇ؟ بىز ئەنە بۇ ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈرەلىسەك، بۇ كۈرەشلەرگە ياردەم بولغان بولماي قالامدۇ؟ ئۇنى دېمىسىمۇ بىزدە بۇ كۈرەشنى كۆرسىتىدىغان جانلىق بىر ئەسەر يوق. دۇرۇست، يېڭى كۈرەش تېمىلىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە تىيىپجان ئېلىيېۋنىڭ «زىرائەتچىن خەت»، «ئەمدى كەلدى پەيتىمىز» ئىبخشا

www.azizisa.org

كىچىك پوئېمىرى، ئەۋبىر فىيازنىڭ «مەممەت چورۇق» دېگەن پوئېمىسى بىر قەدەر دىققەتكە سازىدۇ.

ئومۇمەن بۈگۈن بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىمىزدە خەلقى بىر تەلپۈنۈشنىڭ بارلىقىنى كۆرسۈتۈدۇ. بۇ تەلپۈنۈش پەقەت بىزدە ئازاتلىقتىن كېيىنلا بارلىققا كەلگەندۇر. مۇسابىقە بىزگە يەنە مۇشۇنداق مۇسابىقە ھەركەتلىرىنى كەڭ دائىرىدە ئېچىل ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى ۋاختى - ۋاختىدا باھالاپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتتى. بۇنداق زور بىر ھەركەت، بىزدە بولۇپ باقمىغان، لېكىن بۇ بىرىنچى قېتىملىق مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسى، بىزنىڭ مۇندىن كېيىنكى ئىجادىيەتتە ئوسۇشىمىزنى تەئمىنلەپ كېتەلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۆتۈنۈپ مۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرىمىز ھەققىدە بەرگەن ساۋاقلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىزگە بەرگەن ئىلھامىنى كىچىك دەپ ھېسابلىمايمىز. بۇ ساۋاقلار ۋە كامچىلىقلىرىمىزنىڭ يۈزىنى ئېچىپ بەردى. بۇ خاتالىق ۋە كامچىلىقلار نېمىلەرنى يېزىشنى بىلمەسلىك، ئاكتىپ مەسىلىلەرنى تاللاپ ئالالماسلىق، تارىخى ۋە سىنىپى كۆز قاراشنىڭ يېتىشسىزلىكى، تۇرمۇشتىن ئارقىدا تەلمىش، رېئاللىقنى تونۇماسلىق، سىياسى جەھەتتىكى خاملىق، ئامىۋىلاشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلماسلىق، بولۇپمۇ جانلىق ۋە ساددا خەلىق تىلىدا يازالماسلىق، سەنئەت ئىلمىنى پۇختا ئىگەللىمەسلىك، ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىتىنى يولغا قويماسلىق، پروزا ۋە پيەسسىلەرنىڭ كامچىلىقى ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز تۆۋەندە مۇشۇ مەسىلىلەر ھەققىدە بىر - بىرلەپ توختاپ ئۆتىمىز، لېكىن ئافتورلار بۇنىڭدا دېگەندەك جانلىق ئوبراز يارىتالمىغان ئەمەس. لېكىن بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنسەك، خەلقنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرالمايمىز. ئومۇمەن ناھايىتى تۇرغۇن ئەسەرلەر ئوتمۇشنى كۆرسۈتۈش بىلەنلا تۈگەيدۇ. قىسقىسى بىر كۆرەش مەنزىلىسىمۇ كۆرسىتىلگەن ئەمەس. دېمەك بۇ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز يېڭى ۋاقىتلىقلاردىن تېخى ئوبدان خەۋەردار ئەمەس دېگەن گەپ.

بىزدە تېخى ئىشچىلار ھەققىدە ھېچنەرسە يېزىلغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى، بولۇپمۇ بۈگۈنكى رەھبەرلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى، كۆرەشچان ئىنقىلابچىلىقى توغرىسىدا بىرەر نەرسە يېزىلىپ باقماپ-

تۇ. شۇنداقلا ئەسكەرلەر ھاياتى ھەققىدە يېزىلغان نەرسىنىڭ تايىنى يوق. بىز ئەسلىۋەتتە مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىن ۋاقىئەلىك تاللاپ، ئۇلارنىڭ جانلىق ئوبرازىنى يارىتىشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ تاللىغان تېمىلىرىمىز كۆز ئالدىمىزدىكى ئاساسى سىياسى كۆرەشكە - ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم بېرىش؛ يەر ئىسلاھاتىنى كېڭەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇرلارنى باستۇرۇش كۆرىشىگە ۋە شۇنىڭدەك بۈيۈك ئىشلەپ چىقىرىش ھەرىكىتىگە بېتىنىشى كېرەك. يەنى شۇ سىياسى كۆرەشنى ئىنىق ئاساس قىلىدىغان ۋە بۇ كۆرەشكە ئىلھام بېرىدىغان تېمىلارنى تاللاپ يېزىش كېرەك. نۇرغۇن ئافتورلار قانداق تېما بىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتلىكىنى ياخشى چۈشۈنەلمەي ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپلىكىگە مۇۋاپىق كەلگەن نەرسىلەر (تېمىلار) ئۈستىدە ئىشلەشكە تۇتۇنۇپ، بۇ تېمىنىڭ جەمئىيەت ئىسلاھاتى، تەقىمىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش رولى قانداق بولىدۇ، قانداق ئەمەس ئۇ تەرىپىگە دىققەت قىلمايدۇ. نەتىجىدە ئۆزىنىڭ چالغان لايىقسىز مۇقامى ئىنىقلاقتا ياقماي قالىدۇ.

2 - سىنىپى ۋە تارىخى كۆز قارىشىنىڭ يېتىشسىزلىكى، ئەدەبىيات ئىدىئولوگىيە كۆرەش قورالىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم، ئافتور ئەلۋەتتە ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان نەرسىدە ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىز ماۋ زېدوڭ مەپكۇرىسىنى ئاساس قىلىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىنى شۇ مەپكۇرىدە تەربىيەلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى لازىم. بىزنىڭ بۇ نەرسىنى تولۇق ھەل قىلالىشىمىز، بىزنىڭ تۇرغان مەيدانىمىزنىڭ توغرى بولۇشى بىلەن تەئمىنلىنىدۇ. رەئىس ماۋ زېدوڭ بىزنىڭ مەيدانىمىزنىڭ پرولېتارىيات مەيدانى بولۇشىنى تەكىتلەپ ئوتكەن. بىز ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشكە، زادى شۇنداق مەيداننى ئىگەللەشكە تىرىشلىقىمىز چۈنكى بۇ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسى مەسىلىسىدۇر. بىز مۇشۇ ئاساسى مەسىلىنى تونۇپ ئىجادىيىتىمىزدە سىنىپى كۆز قاراشنى، ماتېرىيالىزملىق نۇقتەئىنەزەرنى ئىپادىلىشىمىز كېرەك. بىز يازغان نەرسىمىزنىڭ ئەلۋەتتە سىنىپى ۋە تارىخى بىلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىشىمىز لازىم. مەسىلەن: بۈگۈنكى كۈندە مېھنەتكەش خەلقىمىز قەد كۆتەردى، ئافتور ئۆز ئىجادىيىتىدە بۇ

www.azizisa.org

www.azizisa.org



«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى 1951 - يىلى 4 -5 سان. ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تورى www.azizisa.org

ئەرسىنىڭ ئەسادىيى بىر ھالدا ئەمەسلىكىنى، مېھنەتكەش خەلقنىڭ كۈچلۈك روللىقى، يەنى ئۇنىڭ دۇنيانى ۋە تارىخنى ياراتقۇچى قۇدرىتىنى، پەقەت مۇشۇنداق قۇۋۋەت ئەڭ ئاخىردا غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنى، بۇ غەلىبىنىڭ جەزمەن، پۇختا مەنسۇلۇكلىكىنى، شۇنىڭدەك جەمئىيەتتىكى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر قىلىپ يېشىپ بېرىشى، تارىخى ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ، خەلقنى ئىشەندۈرۈشى لازىم. بەزى ئاپتورلار ئۆزلىرى تېخى بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدۇ. مەسىلەن: رەھمىتۇللا ئەزىزىنىڭ «ئەقىل» دېگەن بىر شېئىرىدە مېھنەتنىڭ دۇنيانى، تارىخنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى، يەنە ماددىنىڭ بىرىنچىلىكىنى، ماتېرىيالىزمنى ئىنكار قىلغان ھالدا، پۈتۈن بارلىقنى ئەقىل ياراتقان دېگەن ئىدېئالىستىك كۆز قاراشنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداق كۆز قاراش بىلەن مېھنەتكەش خەلقنىڭ پائالىيىتى توغرۇلۇق قىلغان سۆز www.azizisa.org زى ئاپتورلار ئۆز قەھرىمانىنى مېھنەتكەش، كۈرەشچان قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن گەپلەر ياكى ئاپتورنىڭ بەزى سۆزلىرى قەھرىماننىڭ ئەسلى مەخسىدىگە قارشى كېلىپ قالىدۇ. مەسىلەن: قۇربان ئىمىن ئۆزىنىڭ «ئالتۇن گۈل» دېگەن پوئېمىسىدا قەددىنى كۆتەرگەن بىر مېھنەتكەش قىزنى تەسۋىرلەيدۇ. لېكىن قىزنىڭ بەزى جايلاردا ئارزۇلىرى، كۆز قاراشلىرى بۇرژۇئا شەپائەتلىرىگە خاس بولغان مەپكۇرىنى ئىپادىلەپ، نەتىجىدە قەھرىماننىڭ قىممىتىنى پەسەيتىپ قويىدۇ. بۇ، ئاپتورنىڭ مەپكۇرە جەھەتتە تېخى ئالاق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق ئەھۋاللار خەلقى كۆزدە كۆرۈنگەن ئاپتورلىرىمىزدىمۇ يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: ئەخمەتجاننىڭ ئۇقۇرىدا ئېيتىلغان «قارلىغاچ» نامالىق پوئېمىسىنىڭ باش قەھرىمانى ئاتانىڭ ئوبرازىدا ئاجىزلىقلار بار. ئاتىسى فېئوداليزم دەۋرىدىكى ئېزىلىشكە چىدىماي خەلق ئىچىدىن ئايرىلىپ چىققان باتۇر بولۇپ تۇرۇپ بەزى جايلاردا زۇۋورى سېنىپىغا قول قويۇشتۇرۇدۇ، بەزى ۋاقىتتا بوشاپ كېتىپ ئۇخلاپ قالىدۇ. زۇنۇن قادىرنىڭ «ماغدىر كەتكەندە» دېگەن ھېكايىسىنى ئالايلى: بۇ ھېكايە ئازادلىقتىن ئىلگىرى يېزىلغان. ۋە ئۆتمۈشتىكى دېھقانلار ھاياتىنى ئىپادىلىگەن بىر ئەسەر بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا خەلقى ياخشى نەزەرگە ئېلىنغان. ھەقىقەتەن بۇ ئەسەرنىڭ گۈزەللىكىنى ئۈستۈن باھالاشقا ئەرزىيدۇ. ئاپتور بۇ ئەسىرىدە ئۆتمۈشتىكى يېمىرىلگەن دېھقانلار ھاياتىنى، كۆڭۈلسىز ئەسكى تۇرمۇشنى كۆرسەتمەك بولغان. لېكىن بۇ تۇرمۇشنى يېمىرىپ تاشلىغان ئۆزگەرتكۈچ سەۋەبلەرنى ياخشى كۆرسىتەلمەيدۇ. مەسىلىنىڭ سىنىپىي بەلگىزىنى ياخشى يېشەلمەيدۇ. يېمىرىلگەن دېھقان ھاياتىنىڭ ئۆزگەرتكۈچ سەۋەبلىرى جاۋشۇلىنىڭ «فۇگۇي» دېگەن ئەسىرىدە (1) بەك ياخشى قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە ئەسۋىرلەنگەن. شۇنىڭدەك فۇگۇينىڭ سىنىپىي ماۋقىئى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىش ياسىغان مەپكۇرىسى ناھايىتى ئەمەلىيلىق ھالدا يېشىپ كۆرسىتىلگەن. ئەمما «ماغدىر كەتكەندە» ھېكايىسىدە بۇ نەرسىلەر ياخشى كۆرسىتىلمىگەن.

مۇنداق مىساللارنى يەنە خېلى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

گەرچە بىز يېتىشسىزلىكلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئاپتورلىرىمىزغا مەپكۇرە جەھەتتىن نۇرغۇن تەلەپلەر قويۇشقا توغرى كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ مەپكۇرىسىنى ياخشى ئۆگىنىشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇنداق بولمىغاندا بىز مەسىلىنىڭ تارىخىي ۋە سىنىپىي بەلگىزىنى كۆرسىتەلمەيمىز. مەسىلىنىڭ تارىخىي ۋە سىنىپىي بەلگىزىنى كۆرسىتەلمەسلىك بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىز ئۈچۈن يات بولغان نەرسىدۇر. خاتالىق ۋە يېتىشسىزلىكلەرنىڭ ساقلىنىۋېرىشىگە بىزنىڭ ئىجادىيەت يولىمىز ئورۇن بەرمەيدۇ.

3 - رېئاللىقنى ۋە سىياسەتنى ياخشى ئۆگىنىش كېرەك. بىزدە سەۋىيەلىك ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز.

(1) - بۈگۈنكى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ۋە دېھقانلار تېمىسىدا يېزىلغان گۈزەل ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغان يازغۇچى ھەم شائىر جاۋشۇلىنىڭ «فۇگۇي» دېگەن ھېكايىسىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى غۇلجا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ نامىدىكى مەتبەئەدە بېسىلدى. بۇ ئەسەر كونا جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا يۈز بېرىدىغان ۋەيرانلىقنى، بۇنىڭ بىلەن ئۆزگىرىش ياسىغان ئادەملەرنىڭ لۈكچەكلىشىپ يامان يوللارغا كىرىپ كېتىشىنى، بۇنىڭغا سەۋەب بولغۇچى شۇ دەۋردىكى ئەسكى ئۆيمەكتىۋ شارائىتنى بىر فۇگۇينىڭ ئوبرازى ئارقىلىق يەشكەن. كونا جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق خاراكتېرىنى يېشىپ كۆرسىتىشتە جاۋشۇلىنىڭ بۇ ئەسىرى بىزگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ.

www.azizisa.org

شۇ بار بولغانلىغىمىز تەلەپنى قاندۇرالمايدۇ. كوپ ئافتورلارنىڭ ئىجادىيىتىدە رېئاللىقتا يات بولغان نەرسىلەر تولا تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ هال ئەسەردە سۇنئىيلىكنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئافتورنىڭ رېئال هايات ئىچىگە چوڭقۇر كىرىشى، ماتېرىيالنى پۇختا ئاسلىشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئەسەرلىرىمىز خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە، ئالقىشىغا ئىگە بولالمايدۇ. يولداش پ. كالاكولتسوفنىڭ سېزغان چاۋشەننىڭ يېڭىۋاتقان شەھەرلىرىنى ئىسپادىلىگۈچى رەسساملار رېئاللىق يېتەرلىك ئەمەس. يەنى كورسىتىلگەن كارتىنا چاۋشەننىڭ يېڭىۋاتقان ئوت ئىچىدىكى ۋەيرانىلىقىنى، قىيا-چىيانى ۋە هاكازالارنى قائىدەلىنەرلىك هالدا يېتىشىپ كەتەلمەيدۇ. شۇنداق دېخانلار هاياتى هەققىدە يېزىلغان كوپ ئەسەرلەردە رېئاللىق يېتەرلىك ئەمەس. ئافتور بۇ كۈنكى كورىش ئىچىدىكى دېخانلار ئوبرازىنى يارىتىشقا تىرىشىدۇ. لېكىن ئوزى بۇ كورەش ۋە يېڭىلىغا چوڭقۇر چوكمىگەنلىكتىن بۇ كۈنكى رېئاللىقتا يات بولغان نەرسىلەرنى كىرگۈزىدۇ. بۇ كۈن مەملەكەتكەش خەلقنىڭ هاياتىدا يېڭى مۇناسىۋەتلەر ئورنىماقتا. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، خىزمىتى، كورىشى، ئوقۇشى ئاجايىپ بىر يېڭى تۈسكە كىردى. بۇ ئوتمۇشتىكى مۇناسىۋەتلەرگە تۈپ-يىلتىزى بىلەن ئوخشىمايدىغان ئەھۋاللاردۇر. لېكىن ئافتور بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەرسىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېڭى ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن يانا بۇرۇنقى مۇناسىۋەتلەر توغرۇلۇق سوزلەۋەسە، ئورغۇن قارىمۇ-قارشىلىق تۇغۇلىدۇ. رېئاللىقتا يات بولغان نەرسىلەرنى خەلققە زورلاپ تەڭىش مۇمكىنمۇ؟ بەزىلەر تورمۇشتىن خەلى رېئال فاكتلارنى تاپىدۇ. لېكىن ئۇنى كوز ئالدىمىزدىكى جىددى سىياسى خىزمەتكە (گەرچە بۇ تاپقان فاكتلار شۇ جىددى سىياسى خىزمەتكە ئۇنچە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ) ماسلاشتۇرالمايدۇ. بۇ-ئافتورنىڭ كوز ئالدىمىزدىكى سىياسى ۋەزىپىلەرنى ياخشى تونۇيالمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. مەسىلەن: ئۇيغۇر پوئېزىيەسىنىڭ تالانتلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئابلەز نازىرى ئوزىنىڭ «تىنچلىق» دېگەن شېئىرىدە خەلى چوڭ ماھارەت بىلەن يازغان. شائىر بۇ شېئىرىدا تىنچلىقنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى، تىنچلىق ئۈچۈن بولۇۋاتقان خەلق ئارا كورەشنىڭ كۈچلۈك كەلگەنىنى، بۇ كۈچلۈك ستالىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇرۇش خۇمارلىرىنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. تىنچلىق ئۈچۈن بولۇۋاتقان خەلق ئارا هەرىكەتلەر خەلى تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، بۇ كورەشتە بىزنىڭ دولەتىمىزنىڭ ئىگەللىگەن رولى هەققىدە هېچنەرسە دېمەي شېئىرنى تۈگىتىدۇ. دۇنياغا مەلۇمكى، جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە خەلقىمىزنىڭ كورەشچانلىقى بۈگۈنكى دۇنيا ۋەزىيىتىگە كەسكىن ئوزگىرىش پەيدا قىلدى. شۇنداقلا بۇ كورەشچانلىق دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتا ئەڭ ئاساسلىق رول ئويناۋاتىدۇ. لېكىن ئافتور بۇ نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالغان.

غاياز ئىسهاقنىڭ خامان ئېلىۋاتقان دېخانلارنى تەسۋىرلىگەن رەسىمىدە ئېنىقلىق يوق. كورگۈچى بۇ رەسىمنىڭ يانا ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى دېخانلار هاياتىمۇ، يا كېيىنكىمۇ ئۇقالمايدۇ. قىسقىسى بۇ رەسىمنىڭ سىياسى ئەھمىيىتى بەك تۆۋەن بولۇپ قالغان.

ئاياغان يېزىنىڭ قازاق قىزى دېگەن ئەسەر يىلدە بۇ قىزنى ئەزىلگەن، مال ئورنىدا سېتىلغان قازاق قىزلىرىنىڭ ئىچىدىن چىققان قەھرىمان قىلىپ كورسەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن ئافتورنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قىز ئوز-ئوزىدىن ئورمانغا كىرىپ يوقاپ كېتىدۇ. مەلۇمكى، خەلقىمىز بۇ كۈن مۇنداق خىيالى كورسىتىشكە رازى بولمايدۇ. بۇ كۈن قازاق قىزلىرى ئورمانغا بېرىپ بىكاردىن-بىكار يوقاپ كېتىشنى خالىمايدۇ.

ئومۇمەن مۇنداق كەمچىلىكلەر ئافتورنىڭ تېمىنى سىياسەتكە باغلىيالمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئوتۇش لازىمكى، پەقەت فاكت كورسەتكەن بىلەن، گۈزەل تەسۋىرلىگەن بىلەن، ئۇنىڭ قانداق سىياسەت ۋە قايسى مەزگىل ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى بىلەن كارىمىز بولمىسا، ئۇ ئەسەر خىزمەت قىلالمايدۇ. سىياسەتنى بىلمىگەن ئافتور جەمئىيەتتىن كېيىن قالىدۇ. شۇنىڭدەك قانداق يېزىشنى، كىمنى يېزىشنى، كىمنى قانداق يېزىشنى، بۈگۈن قانداق يېزىشنى، ئەرتە قانداق يېزىشنى، ژىراقنى كورۈشنى، ئوقۇغۇچىنى نېمىگە ئوندىمەكچى بولغىنىنى بىلمەي قالىدۇ. دېمەك ئۇ ۋاقىتتا ئەسەرنىڭ سىياسى رولى بولماي قالىدۇ. بىز سىياسەتتىن يىراق بولغان ئىجادىيەتكە قارشىمىز.

4 - ئەسەرنىڭ سەنئىتىنى پۇختا ئىشلەش كېرەك.

www.azizisa.org

بىز مەزمۇن بىلەن سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرى ھەل قىلىشىمىز لازىم. نۇرغۇن ئاپتورلار «ئەسەرلەردە سىياسىي خاتالىق بولمىسىلا مەيلى، سەنئەتنىڭ كارى چاغلىق» دەيدۇ. لېكىن بىز ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈستىدە مۇنداق بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنى ياقلىمايمىز. ئەلۋەتتە ئەسەرنىڭ سىياسىي خاتاسى بولمىغىنى ياخشى. ئەمما شۇ سىياسىي خاتالىقى بولمىغان نەرسىنى خەلقنىڭ ئىچىگە چوڭقۇر كىرگۈزۈش ئۈچۈن بىزگە سەنئەت لازىم. بىز ياخشى مەزمۇننى، ياخشى سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلەيمىز. بىزگە ئەلۋەتتە سەنئەت ماھارىتى لازىم. بۇنىڭسىز ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بولمايدۇ. بەزى ئاپتورلار بەزىدە مەزمۇن ۋە سەنئەت جەھەتتىن خېلى ئوبدان نەرسىلەرنى يارىتىدۇ. تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ ئەسلى تالانتىغا مۇناسىپ بولمىغان بىر نەسىلەرنى يازىدۇ. بۇ - پۇختا ئىشلەشنى ئىزچىللىق ئېلىپ بارالمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. يولداش تۇرغۇن ئالماس مۇسابىقىدە 3 - دەرىجىگە ئىگە بولدى. ئۆزىنىڭ يېزىش تارىخى خېلى جىق. لېكىن شېئىرنىڭ سەنئەت جەھەتتىن پۇختىلىقىغا ئىزچىل ئەھمىيەت بەرمەس، كۆپ ۋاقىتلاردا ئالدىراپ يازىدۇ. سەنئەتسىز چىققاچقا ئۇنىڭ مەزمۇنىنىمۇ سۇيۇقلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەگەر تۇرغۇن ئالماس ھەر بىر ئەسەرى ئۈستىدە ئالدىراقسانلىق قىلماي، پۇختا ئىشلىسە، خېلى ئوبدان نەرسىلەرنى يارىتىشىغا كۆزىمىز يېتىدۇ. شۇنداقلا بۇ ھالنى كەۋسەر نىيازنىڭ، يۈسۈپ ئىلياسنىڭ، باتۇر راشىدىننىڭ، رامازان ئوسماننىڭ ئەسەرلىرىدە دەم كۆرۈش مۇمكىن. بۇ ئاپتورلار تارىلاپ ھەممىنىڭ زوقى كەلگىدەك بىر نەرسىنى يارىتىدۇ. تۇرۇپلا ئۆزى بىلگەن سەنئەتتە چۈشۈپ ئادەمنى قىزىقتۇرمايدىغان نەرسىلەرنى يېزىپ قويىدۇ.

ئەسەرنىڭ سەنئىتىنى پۇختا ئىشلەش مەسىلىسىدە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىلىرىنى ئاساس قىلىپ ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى زور ئىكەنلىكىنى بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىز تېخىچە ياخشى چۈشەنمەيۋاتىدۇ. مەسىلەن: ئەمىر ھەزرىتتە بىزنىڭ ئىشلىتىدىغان شەكىللىرىمىز، ئەسەرلىرىمىز تولاراق ئەرەپ، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، (2) لېكىن خەلقىمىز ئۈچۈن تونۇلغان يېقىملىق بولغان شەكىل، تەسۋىرلەر خەلق ئەدەبىياتىدا تېپىلىدۇ. خەلق ئەدەبىياتى تەسىرىدە يې-زىش مەسىلىسىدە خېلى جىق ئاپتورلىرىمىز ئانچە ۋەزىيەتماي كەلمىشتى. خەلق ئەدەبىياتى روھىدا يازغان ئاپتورلاردىن - ئەلقەم ئەختەم، د. تۇرەخمەت تۇۋ، باتۇر راشىدىن، يۈسۈپ ئىلياس، ئابلىز نازىرى، تېيىپجان ئەلىيېۋ، بۇ قارا، ئەلىز بەك، نەخمەت، كەۋسەر ۋە باشقا يولداشلارنىڭ بىر قانچە ئەسەرلىرى سەنئەت جەھەتتىن خېلى مۇۋاپىقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەسىنى پەقەت ئۆگىنىشكە نۇرغۇن ئاپتورلىرىمىز ياخشى قىزىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغانلىرى ياخشى، گەۋدىلىك، يېقىملىق بولالماي قالىدۇ. بۇ يەردە مىسال ئۈچۈن بىر نەرسىنى تېپىشتا توغرى كەلمەيدۇ، ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدە تىپ يارىتىش دېگەن بىر گەپ بار. بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىزدە تىپ يارىتىشتىكى ناچارلىقلىرىمىز خېلى جىق. تىپ دېگىنىمىز، جەمئىيەتتىكى بىر تۈرلۈك ئادەملەرنىڭ (پۈتۈن سىنىپ، پۈتۈن ئىجتىمائىيات، پۈتۈن كەسىپتىكى كىشىلەرنىڭ) ۋەكىللىكىنى كۆرسىتىدۇ دېگەن گەپ. تىپنى يارىتىش ئۈچۈن يالغۇز بىر ئادەمنىڭلا سەرگۈزەشتىسى، مەپكۇرە ئىنىكاسى، مىجەزى www.azizisa.org ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر قانچىلارنىڭ شۇنداق كەيپىياتىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئاندىن ئۇ، گەۋدىلىك بىر ئوبزور بولىدۇ. ئۆز سىنىپىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ چىقىدۇ. بىز تىپ يارىتىشتا، گوركىينىڭ ئۇستازلىقىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئىزلەشتۈرۈشىمىز لازىم. گوركىينىڭ «ئانا» رومانىدىكى ھەر بىر ئىشتىراكچىلار جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئادەملەرنىڭ يېرىدىن جانلىق ۋەكىلى، شۇنداقلا بۇ تىپ يارىتىشنىڭ ياخشى ئۈلگىلىرى بولغان بۈگۈنكى خەنسۇ ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن «قىزىل بايراق ناخشىسى»، «ئاق چاچلىق قىز»، «دۇگوي» ئوخشاش ئەسەرلەر بىزگە بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ئەسەرنىڭ سەنئەت، تېخنىكىسىنى پۇختا ئىشلىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان مەسىلە.

5 — ئامىۋىلاشتۇرۇش بىرىنچى - بىز ژۇرنالدا تېما تاللاش، مەپكۇرە، تۇرمۇشنى ئۆگىنىشنى سىياسەتنى بىلىش، سەنئەتنى پۇختا ئىشلەش ھەققىدىكى مەسىلە ئۈستىدە توختاپ ئۆتتۇق. ئەنە شۇ نەرسىلەرنى ئاساس قىلىدىغان ئەدەبىياتىمىزنىڭ خىزمەت قىلىش جايى - كەڭ خەلق ئاممىسىدۇر. بۇ ئاممە تەخ-

(2)-بۇ يەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتچىلىرى كۆزدە تۇتۇلدى

www.azizisa.org

ماۋادى زوقۇرى بولمىغان ئادەملەر ـ ئاددى ئادەملەر ماسسىسى ئەمەسمۇ. بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىز ئەنە بىرىنچى قەدەمدە شۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا كىرىپ خىزمەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئىجادىيەتتە ئاممىۋىلاشتۇرۇش بولىدۇ.

- رەئىس ماۋزىدۇڭ بۇنداق ئاممىۋىلاشقان ئەدەبىياتنى يارىتىش ئۈچۈن ئاممىنىڭ تىلىنى ئۆگۈنۈش زۆرۈر دەپ ئېيتىدۇ. بۇ ھەقتە رەئىس ماۋزىدۇڭنىڭ مۇنداق بىر داھىيانە كۆرسەتمىسى بار: «ئاممىنىڭ تىلىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئاممىغا رەھبەرلىك قىلغىلى بولمايدۇ». «ئاممىغا شاگىرت بولغاندىلا، ئاندىن ئاممىنىڭ ئۇستازى بولالايدۇ» بىز ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيەت توغرۇلۇق سۆزلەيدىكەنمىز، ئەلۋەتتە بۇ داھىيانە تەلىماتنى ئۇنتۇماسلىقىمىز تېگىشلىكمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز خەلىق ئاممىسى چۈشىنىدىغان، خەلىق ئاممىسى زەۋقلىنىدىغان قىلىپ يېزىشنى ئالغا سۈرۈشىمىز كېرەك. تىل جەھەتتىن بىزدە (ئۇيغۇر بولداشلار ئىچىدە) بولداش زۇنۇن قادىرىنىڭ تىلى خەلقى گۈزەلدۇر. لېكىن بىرىنىڭ نۇرغۇن ئاپتورلىرىمىز خەلىق چۈشۈنمەيدىغان ساددا تىللاردا يازمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەرىلىرى ئۆز ئەسەرىدە «ھەيۋەت»، «سۇر» بېرىش ئۈچۈنمۇ خەلىق ئۇقمايدىغان سۆزلەرنى، غەلىتە ئىبارىلەرنى ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەلىق ئاممىسى ئۇلارنىڭ مۇنداق ئىجادىيىتىگە ئەھمىيەت قىلمايدۇ. مەسىلەن: ئەيسا يۈسۈپنىڭ «زەنجىرلەنگەن تەن» دېگەن ئۆۋۇن ئوچېركى، ئابدۇرېھىم يۈسۈپ، مەھەممەت ئىمىن يۈسۈپ، ئاباغان، قاجىغۇمار شابدا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدە خەلقى نۇرغۇن ئەيبلىك بار. بۇ ھال ئەسەرنىڭ مەخسىيتىنى تولالاشتۇرۇپ قويغان بىرگەمەدى، مۇنداق تولالىقلارغا يول بەرمەيمىز. ئەمدى بىز كەلگۈسىدە خەلىق ئاممىسى ئۈچۈن يازىمىز. ئۇلار بىزنىڭ يازغانلىرىمىزنى كۆرۈش يا ئاڭلاش بىلەن شۇ زامان چۈشۈنۈپ يەتسۇن. دۇرۇست، يۇكسەلدۈرۈشكە قارشى ئەمەسمىز. بىزنىڭ يۇكسەلدۈرۈشىمىز ئاممىۋىلاشتۇرۇش ئاساسىدا بولىدۇ. يەنى بىز تۇۋەندىن يۇقۇرىغا - ئاممىۋىلاشتۇرۇشنى يۇكسەلدۈرۈشكە قاراپ تەرەققى ئېلىشىمىز لازىم.

6 - پروزا ۋە پيەسسا ئەسەرلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش مەسىلىسى: بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبى - ئىجادىيات ھەر كېتىمىزدە بىر ئەدەر كۆزگە كۆرۈنگىنى پوئېزىيە (شېئىر) بولۇپ قالدى. لېكىن ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىدا تېخى كۆزگە كۆرۈنگىدەك نەرسىلەر يوق. بىزنىڭ خەلقىمىز مۇشۇ كۈنلەردە سەھنە ئەسەرلىرىنى، پروزا ئەسەرلىرىنى جىق تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بىز مۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىمىزدە پروزا ۋە پيەسسالار يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ھەقىقەتەنمۇ پروزا ۋە پيەسسا بىزنىڭ ئەدەبى - ئىجادىيىتىمىزگە ھەممە كىرگەن ژانىر. ئەلۋەتتە بۇنى تېز تەرەققى قىلدۇرماي بولمايدۇ. شۇنداقلا پوئېزىيە تولاراق لىرىكا بىلەن چەكلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭدىنمۇ بىر قەدەم ئالغا www.azizisa.org تان، ژىللاردا مەسەل باشقا شەكىللىرىنىمۇ ئوستۇرۇشىمىز كېرەك.

7 - باشقا سەنئەتلەر ھەققىدە سەنئەت ساھەسىدىن بۇ مۇسابىقىگە رەسىم، ھەيكەلتاراشلىق قاتناشتى. قالغان ساھەنىڭ بۈگۈنكى كونكرېت ئەھۋالى بىزگە راسا دېگەندەك مەلۇم ئەمەس. ھەيكەلتاراشلىق بىزنىڭ سەنئىتىمىزدە ئاجايىپ بىر يېڭىلىق بولۇپ تېكىلەندى. بۇ ئىشتا ياخشى ئەمگەك قىلغان ئىجادكار غاپپاز ئېسەھاقنى، پ. كالا كولتسوفنى ئالاھىدە باھالاشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن شۇنداقمۇ ھەيكەلتاراشلىق تېخنىكىسىدە يېتىشمەسلىكلەر بار. مەسىلەن: ئۇنىڭ تەغىير ۋە مۇرەككەپرەك بولۇشى، بۇنىڭ كۆپ چېقىرىلىپ، كۆپ تارقىلىشىغا ياخشى ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. مۇندىن كېيىن بۇنىڭ تېخنىكىسىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، كەڭ كۆلەملىك بىر سەنئەت ئىجادىيىتى قىلىش لازىم. ئۇندىن باشقا ئاھاڭ ئىجات قىلىش، ناخشا ئېيتىش، مۇزىكا چېلىش، رول بېجىرىش، ئۇسسۇل ئويناش ۋە ھەر يىل شەكىللىرىدىكى سەنئەتلەرنىڭمۇ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ، ئالغا بېسىشتا كۆپ ياردەم بېرىش كېرەك.

8 - تەنقىيت ۋە بىلىيوگرافىيە مەسىلىسى - بىز ھېچقاچان تەنقىيتسىز ئالغا باسالمايمىز. بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئۇتۇق ۋە كەمچىلىكلىرىنى يېشىپ بېرىدىغان ئاساسى ئىلىم تەنقىت ۋە بىلىيوگرافىيە بىزدە تېخى يولغا قويۇلغىنى يوق. كەمچىلىكلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا كۆرسىتىپ، مۇۋاپىقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئەنە شۇ ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. بۇ زور شەرت يولغا قويۇلمىغاچقا بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىز ئۆز ئەسەرىنىڭ ئۇتۇق ۋە كەمچىلىكلىرى ھەققىدە يول ئۇرۇقسىز تەلىپ، خاتالىق ۋە كەمچىـ

www.azizisa.org

لىقلارنى تۈگىتىش يولىنى تاپالمايۋاتىدۇ. دۇرۇست، كامچىلىقلار ھەقىقەتە قىسمەن تەنقىدلىنىپ كەلمەكتە. بۇ ئاساسەن ئەمەلىي قىلىنىدى. ئەمما بۇ نەرسىلەر خاتالىق، يېتەرسىزلىكلەرنىڭ تۈپ - يىلتىزىنى تولۇق يېشىپ بېرەلمىدى. شۇڭلاشقا ئۆتمۈشتىكى رېئاكسىيونلار دەۋرىدە يەنىلا خەلق ئىچىگە تارقىتىلغان ئەڭ زەھەرلىك مەپكۇرىدىكى ئەسەرلەر خەلق ئالدىدا پاش قىلىنمىدى. مەتبۇئاتلاردا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئايلىق، يېرىم يىللىق، يىللىق خىزمەت ئەھۋاللىرىدىن خۇلاسە چىقىرىش - تەنقىد - بىبلىئوگرافىيە يېزىش مەسىلىسى ئىجادىيەتنى

www.azizisa.org

بولغان راسا ئوبدان يولدۇر. چۈنكى ھەربىر شەخسى ئۆز - ئاتالغىنى ئۆزى تولۇق چۈشەنمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى بىر شەخسنىڭ، ياكى كوللېكتىۋ ئاپتورلارنىڭ پىكىرلىرىگە مۇھتاج بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئىچىمىزدىن تەنقىدچىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بىز ئەلۋەتتە كوممۇنىستىك تەنقىدى يېڭى كۆزنى ۋە تەنقىدكە كوممۇنىستىك كۆز قاراشنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم. بولۇپمۇ بۇ خىزمەتنىڭ تەربىيەۋى خاراكتېرى ئاجايىپ ئۈستۈن بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىز تەنقىد ۋە بىبلىئوگرافىيە ئەسەرلەر يېزىش ئىشىنىڭ كەڭ قانات يېيىشىنى كەچىكتۈرۈپ بولمايدىغان جىددىي مەسىلە دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسلىق يول كۆرسەتكۈچى قىلالايلى!

9 - ئالدىمىزدا چوڭ ئىجادىيەت قاينىمى تۇرۇپتۇ. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئاجايىپ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار ماڭماقتا. جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئەزالىرى بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن بۇ ئۇلۇغ كورەشكە ئۆز ھەسسىسىنى قوشماقتا. ئەلۋەتتە ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ كورەش قاينىمىغا كىرمەي يۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. بىز يالغۇز بۈگۈنكى كورەشنى ئىنىكاس قىلىپ بېرىش بىلەنلا توختىماي، كەلگۈسىمىزنىڭ پارلاق مەزمۇنىنى خەلققە ئاڭلىتىشىمىز كېرەك. يەنى، بۈگۈن يۈز بېرىۋاتقان يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش ھەركىتىنى كۆرسىتىش بىلەن تەڭ ئالدىمىزدا بولىدىغان يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئۇلۇغ خۇسۇسىيەتلىرىنى بۈگۈن خەلققە چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. مانا بۇ ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئەدەبىياتنىڭ بۈيۈك خۇسۇسىيىتى.

بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئاپتورلار چوڭ كورەش قاينىمىغا ئاتلىنىپ، شۇ خىزمەتنى ئورۇنداشنى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنىڭ مۇھىم قىسمى دەپ بىلىشى كېرەك. بىز ھەممىمىز تەكىرار قاپتۇرماي خىزمەتكە قىزغىن كىرىشىپ ياخشى نەتىجە ئېرىشىشنىڭ يولىنى تېپىشىمىز لازىم. ئۆلكىمىزدىكى بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر تەشكىللى ئورۇن (ئۆلكىلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت بىرلەشمىسى) بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشىمىزنىڭمۇ ئەھمىيىتىنى ئۇنتۇپ قالمايلى.

چۈنكى بىزنىڭ نۇرغۇن ئوتتۇرىلىرىمىزغا كەڭ يول ئاچىدىغان بىر يولدۇر. شۇنىڭمۇ يانا تەكرار ئېيتىشقا توغرى كېلىدىكى، بىز يالغۇز ئىجات قىلىش بىلەنلا بولۇپ كەتمەي كوللېكتىۋ ئىشلەش مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەيلى. چۈنكى كوللېكتىۋ ئىشلەنگەن نەرسىلەر پۇختا ۋە ھەقىقىي بولىدۇ. شۇنداقلا نەرسىلىرىمىزنى نۇرغۇن مۇزاكىرە ۋە پىكىرلەردىن ئۆتكۈزۈپ پۇختا قىلىپ ئىشلەشكە ئادەتلىنەيلى!

ئومۇمەن بۇ ۋەزىيەتلەر ھەممىمىزدىن ئۇلۇغ بىر تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز تەربىيەمىزنى ئۈستۈرۈشىمىز لازىم. بىز كورەش بىلەن سىياسەتنىڭ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ، مەزمۇن بىلەن سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تولۇق ھەل قىلغان ھالدا ئوتتۇرىدىكى خاتالىق ۋە كامچىلىقلارنى تۈگىتىپ خەلقنى رازى قىلغۇدەك بىر ئەمگەك قىلالايلى. بىزنىڭ باشلىغان ھەركىتىمىز غەلىبە تاپماي قالمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ ئىشىمىزغا شانلىق پارتىيەمىز ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭ يېتەكچىلىك قىلماقتا.

ئەڭ ئاخىرىدا شۇنى ئېيتماقچىمىزكى، بىز قەتئىي ئىرادە، ئىنقىلابىي روھ بىلەن بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا قىزغىن ئاتلىنايلى!

بىرىنچى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلەر مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ھەيئىتى.

www.azizisa.org

ئامې... ...ت يۇەن،
ئابدۇخالىق ئومەروفلەر.

يۇسۇپ.
ئىمىن تۇر-
...، ئەنۋەرلوقمان،
...ن، خۇدابەردى تالىپ،
...ن، مەھەممەت ئىمىن يۇسۇپ،

كىتاب نومۇرى : 5040

شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى №4-5

新疆文藝 （維文） 第四、五期

تەھرىرى: «شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئىتى» رېداكسىيەسى
(ئۈرۈمچى شىن دۇڭ سى كوچىسى № 57)
ناشىرى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
(ئۈرۈمچى غالىبىيەت كوچىسى № 154)
تارقاتقۇچى : شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ شىنجاڭدىكى باش شۆبىسى
(ئۈرۈمچى ئازادلىق كوچىسى № 68)
«شىنجاڭ گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
(ئۈرۈمچى ئەھمەتجان كوچىسى)

編輯者： 新疆文藝編輯委員會
（迪化新東市路５７號）
出版者： 新疆人民出版社
（迪化勝利路１５４號）
發行者： 新華書店新疆總分店
（迪化解放路６８９號）
印刷者： 新疆日報社印刷工廠

1951 - يىلى 31 دېكابىردە نەشىر قىلىندى
تىراژى : 50 30 باھاسى : 8 000 دوللار

1—3,050 一九五一年十二月三十日出版
定價：每期8,000元

www.azizisa.org

www.azizisa.org

www.azizisa.org/e_kitap/XJ_Edebiyat_Senet1951_4_5.pdf

www.azizisa.org

25th April 2016, London